توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى بويىچە ئالتە يىللىق
باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك

# ئەدەبىيات

12 ـ قىسىم

12

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

ئەدەبىيات

封面设计: 吴 晨　封面摄影: 李 都

ISBN 7-5370-5934-9

ISBN7 — 5370 — 5934 — 9
G · 2152 ( 维课 ) باھاسى: 73 .3 يۈەن



ۋولگا دەرياسىدىكى كېمە سۆرىگۈچىلەر

www.uyghurkitap.com





مەھمۇد قەشقەرى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى بويىچە ئالتە يىللىق باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك

# ئەدەبىيات

12 ـ قىسىم

8225916

83

8822596

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

编　　者：吐尔逊·买　　　تۇزگۇچى : تۇرسۇن مەخسۇت
责任编辑：牙里坤·肉孜　　　مەسئۇل مۇھەررىرى : يالقۇن روزى
责任校对：阿布都热依木·阿　　　مەسئۇل كوررېكتورى :ئابدۇرېھىم ئا

九年义务教育六年制小学课本

语文

第十二册

（维吾尔文）

*

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى باستى

*

فورماتى : 890×1240 ، 1/32 ؛ باسما تاۋىقى : 6
2005 - يىل 10 - ئاي 2 - نەشرى
2005 - يىل 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى : 190 904 — 1

ISBN7 — 5370 — 5934 — 9

G・2152(维课) باھاسى : 3.73 يۈەن

نەشر ھوقۇقى بىزدە ، باشقىلارنىڭ كۆپەيتىپ بېسىشىغا بولمايدۇ .
بېسىش - تۈپلەش سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ .

ئادرېس : ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 169 - قورۇ
پوچتا نومۇرى : 830001 ؛ تېلېفون : 2863761 — 0991

# نەشرىياتتىن

بۇ دەرسلىك ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، باشلانغۇچ مەكتەپ «تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش پروگراممىسى»نىڭ تەلىپى بويىچە نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن 1991 - يىلى تۈزۈپ چىقىلغان. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ «مىللىي تىل - يېزىقتىكى دەرسلىكلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋاقىتلىق گۇرۇپپىسى» تەكشۈرۈپ چىقىپ، شۇ يىلىدىن باشلاپ «سىناق دەرسلىك» قىلىپ قوللىنىشنى بېكىتكەن.

بۇ دەرسلىك 1991 - يىلىدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر تىل - يېزىق سىستېمىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئىزچىل قوللىنىلىپ، ئەۋلادلارنىڭ تىل- ئەدەبىيات ساپاسىنى يېتىلدۈرۈش جەھەتتە ئۆز رولىنى كۆرۈنەرلىك جارى قىلىپ كەلدى.

بۇ قېتىم ئون نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا تەتقىقاتچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار بۇ دەرسلىكنىڭ مەزمۇنى، ئىلمىيلىقى، ئىدىيىۋىلىكى ۋە سىستېمىسىنىڭ شۇ يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولغان ياكى بولمىغانلىقى ھەققىدە يەتكۈزگەن پىكىر - تەلەپلەر ئاساسىدا تۈزىتىشكە تېگىشلىك مەسىلىلەر تۈزىتىلدى. شۇنداقلا، ساپا مائارىپىنىڭ ۋە يېڭى دەرس ئىدى-

يىسىنىڭ تەلىپىگە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە لايىقلاشتۇرۇ-
لۇپ ، قۇرۇلما ، مەزمۇن ۋە كۆنۈكمە سوئاللىرى مەلۇم
دەرىجىدە تەڭشەلدى . بۇ ئارقىلىق كەڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇ-
غۇچىلارنى ساپا مائارىپىنىڭ تەلىپى ۋە يېڭى دەرس ئىدىيد-
سى بويىچە تۈزۈلگەن تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكلىرى بىلەن
رەسمىي ئۇچراشقاندا تېز ماسلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە
قىلىش مەقسەت قىلىندى .

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى
2005 - يىل 10 - ئاي

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


1 . ۋولگا دەرياسىدىكى كېمە سۆرىگۈچىلەر ........... 1

2 . ئۇنتۇلمايدۇ مەھمۇد قەشقەرى .................... 6

* 3 . بىر كېچىدىكى خىزمەت ........................ 12

بىرىنچى مەشق ........................................ 16

4 . قەشقەر چايخانىلىرى ............................ 23

5 . ئۇرۇقنىڭ كۈچى ................................. 31

يېزىقچىلىق

ئەسەردىكى ئىدىيىۋى ھېسسىيات ...................... 35

ئىككىنچى مەشق ....................................... 39

6 . تۇمارىس ........................................ 44

* 7 . ئۇنتۇلماس بىر دەرس .......................... 50

ئۈچىنچى مەشق ........................................ 55

8 . ئارتىس بولۇش چۈشىنىڭ بەربات بولۇشى ...... 57

9 . ئۈجمە سايىسى ................................... 62

10 . پىلە قۇرتى .................................... 76

يېزىقچىلىق

ئەسەرنىڭ تەپسىلاتلىرىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك..... 88

تۆتىنچى مەشق ....................................... 92

11 . شامال ......................................... 97

12 . ئۆچەككە كىرىش ............ 102
يېزىقچىلىق
تەپسىلىي كۆزىتىش كېرەك ............ 108
بەشىنچى مەشىق ............ 111
13 . جەن تيەنيۇ ............ 113
14 . ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلار ............ 120
يېزىقچىلىق
شۇ ۋاقىت ، شۇ جايدىكى ئەھۋالغا ئەھمىيەت بېرىش
كېرەك ............ 131
ئالتىنچى مەشىق ............ 135
15 . كەھرىۋا ............ 139
16 . ئەمدى جاپا سالمايمەن ............ 143
يېزىقچىلىق
مۇھىم نۇقتىلارنى تۇتۇپ ، ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلىش
كېرەك ............ 155
يەتتىنچى مەشىق ............ 158
* 17 . ھەسەن ـ ھۈسەن ............ 160
18 . تىلنىڭ پايدىسى ۋە زىيىنى ھەققىدە ............ 169
19 . گۆھەر تىلىم ، زەر تىلىم ............ 173
سەككىزىنچى مەشىق ............ 176
سۆزلەرگە ئىزاھات ............ 181

«*» بەلگىسى قويۇلغانلىرى مۇستەقىل ئوقۇش تېكىستلىرى .

# 1 . ۋولگا دەرياسىدىكى كېمە سۆرىگۈچىلەر①

ھاۋا ئوچۇق ، بىپايان ۋولگا دەرياسىدا شامالغا قارشى ماڭغاچقا ، يەلكىنى ئېچىلمىغان بىر يۈك كېمىسى كېلىۋاتىدۇ . دەريا ئۈستىگە كېمىنىڭ سايىسى چۈشكەن . ئۇستۇبىشى جۇل - جۇل بىر توپ كېمە سۆرىگۈچىلەر ئېغىر قەدەملەر بىلەن سېرىق قۇمنى دەسسەپ ، قىرغاقنى بويلاپ بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن ئىلگىرىلىمەكتە . كۆپچىلىكنىڭ گەۋدىسى ئالدىغا ئېگىلگەن ، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ كۈچەۋاتقانلىقىنى ، كېمىگە ناھايىتى ئېغىر يۈك بېسىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

باشلامچى كېمە سۆرىگۈچى گەۋدىسى كەڭ بوۋاي بولۇپ ، ئۇ بېشىغا لۆڭگە چىگكەن ، كىيىملىرىگە ياماق چۈشكەن ، كۆزلىرى ئالدى تەرەپكە پەرۋاسىز ھالدا تىكىلگەن . يول تېخى ئۇزاق ! بوۋاينىڭ ئۇڭ تەرىپىدىكىسى چاچ - ساقاللىرى ناھايىتى قويۇق ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم . ئۇ قاۋۇل - ساغلام ، كۈچتۈڭگۈر كۆرۈنىدۇ . بۇ ئىككىيلەن ھەممەيلەننىڭ ئالدىدا كېلىۋاتىدۇ . ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ كېلىۋاتقىنى ھېلىمۇ دېھقانچە كىيىنىۋالغان ئېگىز بويلۇق ئادەم . ئۇ قەددىنى تىك تۇتقان ، غاڭزىسىنى روھ-

① بۇ ، روسىيىنىڭ مەشھۇر رەسسامى رېپىن تەرىپىدىن 1870 — 1873 - يىللىرى ئارىلىقىدا سىزىلغان ماي بوياق رەسىم ئاساسىدا يېزىپ چىقىلغان تېكىست . ۋولگا دەرياسىدىكى كېمە سۆرىگۈچىلەر «ۋولگا بۇرلاكلىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

سىز هالدا چىشلىگەن بولۇپ ، بۇ تۇرمۇشتىن بىزار بولغان-دەك قىلىدۇ . ئىگىز بويلۇق ئادەمنىڭ يېنىدىكىسى مۇس-كۇللىرى چىڭ بىر يىگىت . ئۇ كېمىنى كۆچەپ ئالغا سۆرى-مەكتە ، يۇقىرىغا تىكىلگەن كۆزلىرىدە غەزەپ - نەپرەت ۋە نارازىلىق چاقناپ تۇرىدۇ . بۇ بىر توپ ئادەم ئىچىدە قىزىل چاپان كىيىۋالغان بىر ئۆسمۈرمۇ بار ، يېشى ۋە رەڭگىرويى-دىن ئۇنىڭ كېمە سۆرەۋاتقىنىغا ئۇزاق ۋاقىت بولمىغانلىقى ۋە مۇنداق ئېغىر ئەمگەككە تېخى كۆنۈپ كېتەلمىگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . ئۇ مۈرىسىنى بېسىپ ئاغرىتىۋاتقان ئار-غامچىنى تارتىپ قويىدۇ ، گويا ئۆزىنىڭ يېشىغا تولىمۇ باب كەلمەيدىغان بۇ ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلماقچى بولۇۋاتقاندەك قىلىدۇ . ئۆسمۈرنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بوۋاي كېسەلچان كۆرۈنىدۇ . ئۇنىڭ ئازراق ئېچىلغان لەۋلىرى ۋە نۇرسىز خۇنۇك كۆزلىرىدىن ئاجىزلىق ۋە هارغىنلىق چىقىپ تۇرى-دۇ . ئۇ پېشانىسىدىكى تەر تامچىلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتۇ-ۋاتىدۇ . ئۆسمۈرنىڭ كەينىدىكى قارىمۇتۇق كەلگەن يىگىت-نىڭ يۈزىنىڭ يېرىمىلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . ئۇ ئالدىدىكى چىرايى ئاپئاق ئۆسمۈرگە ۋە تاقىر باش بوۋايغا خەيرىخاھلىق نەزىرى بىلەن قارىماقتا . بۇ بوۋاي بۇ ئىشقا كۆنۈكۈپ كەتكەندەك قىلىدۇ ، ئۇ ئالغا ئىلگىرىلىگەچ ، غاڭزىسىغا تاماكا بېسىۋاتىدۇ . ئۇنىڭ ئارقىدىكىسى ھەربىي سەپتىن قايتقىنىغا ئۇزاق بولمىغان ئەسكەر ، ئۇ ، ھېلىمۇ ھۆكۈمەت تارقىتىپ بەرگەن ئۆتۈكنى كىيىۋالغان . ئەسكەرنىڭ كەي-نىدىكىسى ئىگىز بويلۇق ئادەم ، ئۇ بۈرۈلۈپ ، يۇك كېمى-سىگە غەزەپ بىلەن قاراۋاتىدۇ ، ئەتىمالىم ، يۇك كېمىسى-نىڭ خوجايىنى ئۇلارنى تىللاۋاتقان ۋە ھەيدەۋاتقان بولسا

كېرەك . ئەڭ ئاخىرىدا كېلىۋاتقىنى روھى چۈشكۈن ، غەمكىن بىر بوۋاي . ئۇ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ، نائىلاج ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئارغامچىنى جىنىنىڭ بارىچە تارتىپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتىدۇ .

بۇ ماي بوياق رەسىم روسىيىنىڭ 19 – ئەسىردىكى رەسسامى رېپىننىڭ ئەسىرى . ئەينى زاماندا ، روسىيە ئەمگەكچى خەلقى چار پادىشاھنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ۋە دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيىسى ئاستىدا ، ئىنتايىن نامرات ۋە مۇشەققەتلىك تۇرمۇش كەچۈرەتتى . بۇ رەسىمدىكى كېمە سۆرىگۈچىلەر بىر پارچە نانغا ئېرىشىش ئۈچۈن ، ئۆزلىرىنىڭ ھالال كۈچىنى نائىلاج ئەرزان باھادا سېتىشقا مەجبۇر ئىدى . ئۇلار يىل بويى ئېغىر يۈك كېمىسىنى سۆرەپ ، ۋولگا دەرياسىدا ئۇيان – بۇيان قاتنايتتى .

## كۆنۈكمە

1 . تېكىستنى ھېسسىياتلىق ئوقۇڭ .

2 . «ۋولگا دەرياسىدا كېمە سۆرىگۈچىلەر» دېگەن ماي بوياق رەسىمگە قاراپ ، ئۇنى تېكىست بىلەن سېلىشتۇرۇپ ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ :

1 ) ماي بوياق رەسىمدە قايسى ئادەملەر سىزىلغان ، ئۇلار نېمە قىلىۋاتىدۇ ؟ بۇ قەيەردە ، قايسى ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ۋەقە ؟

2 ) ئىلگىرى – كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە ھەربىر ئادەمنىڭ سىرتقى قىياپىتى ، كىيىنىشى ، ھەرىكىتى ۋە چىراي ئىپادىسىنى سۆزلەپ بېرىڭ .

3 . ماي بوياق رەسىمدىكى ئادەملەرگە سېلىشتۇرۇپ ، تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار . ئۇ جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە دىققەت قىلىڭلار ھەمدە ئۇنىڭدىكى ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىڭ :

1 ) ئۇ بېشىغا لۆڭگە چىگكەن ، كىيىملىرىگە ياماق چۈشكەن ، كۆزلىرى ئالدى تەرەپكە پەرۋاسىز ھالدا تىكىلگەن ، يول تېخى ئۇزاق !

2 ) ئۇ قەددىنى تىك تۇتقان ، غاڭزىسىنى روھسىز ھالدا چىشلىگەن بولۇپ ، بۇ تۇرمۇشتىن بىزار بولغاندەك قىلىدۇ .

3 ) كېمىنى كۈچەپ ئالغا سۆرىمەكتە ، يۇقىرىغا تىكىلگەن كۆزلىرىدە غەزەپ ـ نەپرەت ۋە نارازىلىق چاقناپ تۇرىدۇ .

4 ) ئۇ مۈرىسىنى بېسىپ ئاغرىتىۋاتقان ئارغامچىنى تارتىپ قويىدۇ ، گويا ئۆزىنىڭ يېشىغا تولىمۇ باب كەلمەيدىغان بۇ ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلماقچى بولۇۋاتقاندەك قىلىدۇ .

5 ) ئۇنىڭ ئازراق ئېچىلغان لەۋلىرى ۋە نۇرسىز خۇنۈك كۆزلىرىدىن ئاجىزلىق ۋە ھارغىنلىق چىقىپ تۇرىدۇ .

6 ) ئۇ بۇرۇلۇپ ، يۈك كېمىسىگە غەزەپ بىلەن قاراۋاتىدۇ ، ئەتىمالىم ، يۈك كېمىسىنىڭ خوجايىنى ئۇلارنى تىللاۋاتقان ۋە ھەيدەۋاتقان بولسا كېرەك .

7 ) ئۇ بېشىنى ساڭگىلىتىپ نائىلاج ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئارغامچىنى جېنىنىڭ بارىچە تارتىپ ئالغا ئىلگىرىلەـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋاتىدۇ .

**4** . بۇ ماي بوياق رەسىم كىمنىڭ ئەسىرى ، ئۇ قانداق ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئەكس ئەتتۈرگەن ؟

[illegible]

## 2 . ئۇنتۇلمايدۇ مەھمۇد قەشقەرى[1]

I

دەل بۇ كۇندىن مىڭ يىل ئىلگىرى ،
مەرىپەتنىڭ دانا رەھبىرى ،
تۇغۇلدى بىر ئوغۇل دۇنياغا ،
خان ئەۋلادى — مەھمۇد قەشقەرى .

بولغاچ ئۇندا بىر ئالىي تىلەك ،
ۋەتەن سۆيەر يالقۇنلۇق يۈرەك ،
ئاتا - ئانا بولۇپ يار - يۆلەك ،
موللا بولدى مەھمۇد قەشقەرى .

زېرىكمەستىن يازۇ ھەم قىشى ،
بىلىم ئىزدەپ ئۇلغايدى يېشى ،
ئەۋلىيالار بولدى سىردىشى ،
نەگە بارسا مەھمۇد قەشقەرى .

يازۇ قىشى ئارام ئالماستىن ،
يايلاقلارنى كەزدى قانماستىن ،
خامانلاردا قونۇپ سىرداشتى ،
قوشاق يىغىپ مەھمۇد قەشقەرى .

---

① بۇ شېئىرنىڭ ئاپتورى مەھمۇد زەيىدى . شائىر بۇ شېئىرنى ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان .



دوستى بىلىپ ھەربىر كىشىنى ،
ھۆرمەت قىلىپ قېرى - يېشىنى ،
ئۇزۇلدۇرمەي قىلغان ئىشىنى ،
ھارماس كىشى مەھمۇد قەشقەرى .

ئۇلگە بىزگە ئۇنىڭ ھاياتى ،
ئىلىم ـ پەنگە زوق ، ئىجتىھاتى ،
ئۆتكەن تارىخ گۇۋاھ ـ ئىسپاتى ،
ئۇلۇغ ئۇستاز مەھمۇد قەشقەرى .

ئۇ كەزمىگەن شەھەر قالمىدى ،
ئېگىز داۋان ، تاغلار ھالقىدى ،
تاڭدا چوقان ـ كۈيى ياڭرىدى ،
ئەل كۆڭلىدە مەھمۇد قەشقەرى .

تىل تەكشۈرۈپ ئۆتتى كۆپ يىللار ،
تارىخ سۆزلەر ئاقساقال چاللار ،
يىگىت ـ قىزلار تويىغا چىللار ،
ئەزىز مېھمان مەھمۇد قەشقەرى .

يىگىتلىرى كېيىك ئوۋلايدۇ ،
كېلىنلىرى تائام راسلايدۇ ،
مەشرەپلەردە كۆڭۈل يايرايدۇ ،
نورۇزلاردا مەھمۇد قەشقەرى .

II

ئېسىڭدە تۇت ئەردەم بېشى تىل ،
كىشى قەدرى تىلى بىلەن بىل ،
ھەر ئىشىڭنى ئەدەپ بىلەن قىل ،
دېگەن ئالىم مەھمۇد قەشقەرى .

ئۇستاز قىلغىن بىلىم ئەھلىنى ،
ھۆرمەت قىلغىن ئەمگەك ئەجرىنى ،
ئەمگەك ئاچۇر كىشى ئەقلىنى ،
دەپ كۆرسەتكەن مەھمۇد قەشقەرى .

بىلىم ـ ھۈنەر بەخت كەلتۈرەر ،
بىلىم بىلەن زامان نۇرلىنۇر ،
شان ـ شۆھرىتىڭ مەڭگۈلۈك قالۇر ،
دەپ ئۆگەتكەن مەھمۇد قەشقەرى .

بولسا سەندە بىر ئالىي تىلەك ،
ئەلگە تەڭكەش سوقىدۇ يۈرەك ،
ئارزۇ ئۈچۈن چېلىشماق كېرەك ،
دەپ ئۆگەتكەن مەھمۇد قەشقەرى .

ئارپىسىز ئات قىردىن ئاشالماس ،
يەككە باتۇر شەھەر ئالالماس ،
ئەل سۆيمىگەن باتۇر ئاتالماس ،
دېگەن ئالىم مەھمۇد قەشقەرى .

ئېرىنچەككە بوسۇغا داۋان ،
تىرىشچانغا باش ئېگەر داۋان ،
كۆپ ئىش قىلارسەن بولساڭ ئامان ،
دەپ كۆرسەتكەن مەھمۇد قەشقەرى .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالىم بولساڭ ، ئالەم سىنىڭكى ،
ئېچىلغۇسى ئىلىم ئىشىكى ،
ھەل بولىدۇ ئەلنىڭ ئىستىكى ،
دەپ ئۆگەتكەن بوۋام قەشقەرى .

III

قەلەم — دۇلدۇل ئىتىغا مىنىپ ،
ئېغىر يۈكنى ئۈستىگە ئېلىپ ،
بىلىم ئىشقىدا قۇياشتەك يېنىپ ،
نۇرىن چاچقان مەھمۇد قەشقەرى .

بارساغاندىن بەشبالىققىچە ،
ئىدىقۇتتىن ئالمالىققىچە ،
ئىسسىق كۆلدىن بالاساغۇنغىچە
ئىز قالدۇرغان مەھمۇد قەشقەرى .

بۈيۈك لۇغەت ـ خاتىرىسىنى ،
ئۇنىڭ يۇمىلاق خەرىتىسىنى ،
تاۋاپ قىلىمىز مەقبەرىسىنى ،
تەڭدىشى يوق بوۋام قەشقەرى .

ئۆتسىمۇ كۆپ ئەسىر ھەم زامان ،
ئەل ـ يۇرتىمىز ئۇنتۇماس ھامان ،
ئۇ يۇرگەن يەر گۈلىستان ـ بوستان ،
قەلبى دەريا مەھمۇد قەشقەرى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىراس بىزگە ئۈچ توم ئەسىرى ،
ئىلىم ـ پەننىڭ ئۆچمەس مەشئىلى ،
ئالىملارنىڭ سەركە ـ سەرۋەرى ،
ئۇنتۇلمايدۇ مەھمۇد قەشقەرى .

ۋاپاتىغا بولدى كۆپ ئۇزاق ،
نام ـ نىشانى ئەل بىلەن ھەرچاغ ،
تۆھپىسى كۆپ ، دات باسماس ، پارلاق ،
ئەل قەلبىدە مەھمۇد قەشقەرى !

2005 ـ يىل ، ئۆكتەبىر .

## كۆنۈكمە

1 . شېئىرنى ھېسسىياتلىق ، توغرا ، راۋان دېكلاماتسىيە قىلىڭ .

2 . شېئىرنىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە مەھمۇد قەشقەرى ھەققىدە نېمىلەر سۆزلەنگەن ؟ شېئىرنىڭ بۇ بۆلىكىنى ھېكايىلەشتۈرۈپ سۆزلەپ بېقىڭ .

3 . شېئىرنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىدە مەھمۇد قەشقەرى بىزگە قانداق پەند ـ نەسىھەتلەرنى قىلغان ؟

4 . مەھمۇد قەشقەرىگە مۇناسىۋەتلىك قانداق بىلىملەرنى بىلىسىز ؟

5 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى لۇغەت ـ ماتېرىياللارنى ئاختۇرۇپ ياكى باشقىلاردىن سوراپ بىلىۋېلىڭ .

دانا خان ئەۋلادى ئەردەم مەقبەرە ئەسىر

# 3*. بىر كېچىدىكى خىزمەت



جۇ زۇڭلى

جۇ زۇڭلى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر 1 - قۇرۇلتىيىغا دوكلات بەردى. «خەلق ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى بۇ دوكلاتنى ئېلان قىلماقچى بولۇۋىدى، مەن دوكلاتنى رەتلەپ، كوپىيىسىنى كۆرۈپ چىقىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ بەردىم.

بىر كۈنى، زۇڭلى ئىشخانىسى ماڭا جۇڭنەنخەيدىكى دۆلەت مەمۇرىي كېڭەشنىگە بېرىشىمنى ئۇقتۇردى. مەن ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم. بۇ، سارايدەك چوڭ ئۆي بولۇپ، ئۆيدىكى جاھازىلار تولىمۇ ئاددىي ئىدى، كىچىكرەك يېزىق ئۈستىلى، ئىككى دانە كىچىك ئايلانما ئورۇندۇق ۋە بىر دانە ئۈستەل چىرىغىلا بار ئىدى. زۇڭلى مېنى كۆرۈپ، ئۈستەل ئۈستىدىكى دۆۋىلىنىپ كەتكەن 1 چى قېلىنلىقتىكى ھۆججەتلەرنى كۆرسىتىپ:

— بۈگۈن ئاخشام بۇ ھۆججەتلەرگە تەستىق سېلىشىم كېرەك . سىلەر يەتكۈزۈپ بەرگەن ماقالىنى ئەڭ ئاخىرىغا قويۇپ قويدۇم . سەن ئاراتام نۆۋەتچىلەر بۆلۈمىگە چىقىپ ئۈخلىغىن ، ۋاقتى كەلگەندە سېنى چاقىرىمەن ، — دېدى ماڭا .

مەن نۆۋەتچىلەر بۆلۈمىگە چىقىپ كەتتىم . قانچە ۋاقىت ئۆتتىكىن ، نۆۋەتچىلەر بۆلۈمىدىكى يولداش :

— سىزنى زۇڭلى چاقىرىۋاتىدۇ ، — دېدى مېنى ئويغىتىپ .

مەن دەرھال ئورنۇمدىن قوپۇپ ، ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلاپ ، زۇڭلىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم . زۇڭلى مېنى ئۈستىلىنىڭ ئۇدۇلىغا ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلىپ ، مەن رەتلەپ چىققان ماقالىنى ئۆزى بىلەن بىرلىكتە كۆرۈپ چىقىشىمنى ئېيتتى . بۇ ، مېنىڭدىن مەسلىھەت سورىماقچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى . ئۇ ماقالىنى جۈملىمۇجۈملە ئوقۇپ ، بىر جۈملىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ، شۇ جۈملىنىڭ ئاخىرىغا كىچىك بىر چەمبىرەك سىزىپ قوياتتى . ئۇ ئادەتتىكىچە ئوقۇپلا قويمايتتى ، بەلكى ئوقۇغاچ پىكىر يۈرگۈزەتتى . بەزىدە قەلىمىنى توختىتىپ ئويلىناتتى ، بەزىدە مېنىڭدىن بىر - ئىككى ئېغىز گەپ سورايتتى . كېچە جىمجىت ئىدى ، خېلى ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىن ، ئۇ ماقالىنى كۆرۈپ بولۇپ ، ماڭا تاپشۇرۇپ بەردى .

بۇ چاغدا ، نۆۋەتچىلەر بۆلۈمىدىكى يولداش ئىككى ئىستاكان ھورى چىقىپ تۇرغان كۆك چاي ، كىچىك تەخسىدە خاسىڭ مېغىزى ئېلىپ كىلىپ ، ئۈستەل ئۈستىگە قويدى . زۇڭلى مېنى ئۆزى بىلەن بىرلىكتە چاي ئىچىشكە ،

خاسىڭ مىغىزى يېيىشكە تەكلىپ قىلدى . خاسىڭ مىغىزى كۆپ ئەمەس ، سانىۋالغۇدەكلا ئىدى ، گويا بۈگۈن ئاخشام بىر ئادەم قوشۇلغانلىقى تۈپەيلىدىن كۆپەيتىلگەندەكمۇ قىلمايتتى . بىز چاي ئىچىپ ئولتۇرغاندا خورازنىڭ چىللىغىنى ئاڭلاندى .

— بېرىپ ئارام ئالاي ، — دېدى زۇڭلى ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭا ، — چۈشتىن ئىلگىرى ئۇخلىۋالسام ، چۈشتىن كېيىن قاتنىشىدىغان يەنە پائالىيەت بار . سەنمۇ قايتىپ ئۇخلىۋالغىن .

مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇردۇم . تۇرۇۋېتىپ كىچىك ئايلانما ئورۇندۇقنىڭ يۇقىرى تەرىپىنى قىيسايتىپ قويۇپتىكەنمەن ، ئۇ كېلىپ مەن ئولتۇرغان ئايلانما ئورۇندۇقنى توغرىلاپ قويۇپ ، ئارقىغا ئۆتۈپ كەتتى .

قايتىپ كېتىۋېتىپ يولدا خىيال سۈرۈپ ، ئۆز ـ ئۆزۈمگە :

«مانا بۇ بىزنىڭ يېڭى جۇڭگونىڭ زۇڭلىسى . مەن ئۇنىڭ بىر كېچىدىكى خىزمىتىنى كۆردۈم . ئۇ نېمىدېگەن جاپاكەش ، نېمىدېگەن ئاددىي ـ ساددا ـ هە !» دەيتتىم .

مەن ئۆزۈمگە بىرنەچچە قېتىم شۇنداق دەپ بولۇپ ، يەنە پۈتۈن دۇنياغا جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن ، گويا ئاۋازىمنى پۈتۈن دۇنيا ئاڭلايدىغاندەك :

«قاراڭلار ، مانا بۇ بىزنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتىمىزنىڭ زۇڭلىسى . مەن ئۇنىڭ بىر كېچىدىكى خىزمىتىنى كۆردۈم . ئۇ هەر ئاخشىمى ئاشۇنداق ئىشلەيدۇ . سىلەر مۇشۇنداق زۇڭلىنى كۆرگەنمۇ ؟» دېگۈم كېلەتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

1976

## كۆنۈكمە

1 . تېكىستنى ئىچىڭىزدە ئوقۇپ ، تۆۋەندىكى سوئاللا-رغا جاۋاب بولىدىغان مۇناسىۋەتلىك جۈملىلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭ ھەم سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ .

1 ) ئاپتور جۇ زۇڭلىنىڭ بىر كېچىدىكى خىزمەت ئەھۋالىنى قايسى جەھەتلەردىن بايان قىلغان ؟

2 ) جۇ زۇڭلىنىڭ ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش كەچۈرىدى-غانلىقىنى قەيەردىن كۆرگىلى بولىدۇ ؟

2 . تۆۋەندىكى ئابزاسنى كۆچۈرۈپ يېزىڭ .

قايتىپ كېتىۋېتىپ يولدا خىيال سۈرۈپ ، ئۆز ـ ئۆ-زۈمگە :

«مانا بۇ بىزنىڭ يېڭى جۇڭگونىڭ زۇڭلىسى . مەن ئۇنىڭ بىر كېچىدىكى خىزمىتىنى كۆردۈم . ئۇ نېمىدېگەن جاپاكەش ، نېمىدېگەن ئاددىي ـ ساددا ـ ھە !» دەيتتىم .

3 . تېكىستتە ئاپتورنىڭ قانداق ھېسسىياتى ئىپادىلەن-گەن ؟ سۆزلەپ بېقىڭ .

4 . تېكىستنى ئۈنلۈك ، ھېسسىياتلىق ئوقۇڭ .

# بىرىنچى مەشىق

1 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ مەنە جەھەتتە قانداق پەرق-
لىنىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭ . ئۈچىنچى گۇرۇپپىدىكى
جۈملە شەكلى بويىچە ئۈچ جۈملە تۈزۈڭ .

1 ) ئوماق قىزچاق مېنىڭ ياخشى دوستۇم .
ئوماق قىزچاق مېنىڭ ياخشى دوستۇم ئەمەس .
ئوماق قىزچاق مېنىڭ ياخشى دوستۇم ئەمەسمۇ ؟

2 ) بىز يەكشەنبە كۈنى ۋالىبول مۇسابىقىسى كۆرۈش-
كە بارىمىز .
بىز يەكشەنبە كۈنى ۋالىبول مۇسابىقىسى كۆرۈشكە
بارمايمىز .
بىز يەكشەنبە كۈنى ۋالىبول مۇسابىقىسى كۆرۈشكە
بارمىساق بولمايدىغان بولدى .

3 ) بۇ دىليارنىڭ كىتابى .
بۇ دىليارنىڭ كىتابى ئەمەس .
بۇ دىليارنىڭ كىتابى ئىكەنلىكىنى ھېچكىممۇ ئىنكار
قىلالمايدۇ .

4 ) مەن بۇ ھېكايىدىن تەسىرلىنىپ يىغلىۋەتتىم .
مەن بۇ ھېكايىدىن تەسىرلىنىپ يىغلىمىدىم .
مەن بۇ ھېكايىدىن تەسىرلىنىپ قانداقمۇ يىغلىماي
تۇرالايمەن !

2 . مەھمۇد قەشقەرىنىڭ كىتابىڭىزنىڭ باش تەرىپىدى-

كى ماي بوياق رەسىمى بىلەن «ئۇنتۇلمايدۇ مەھمۇد قەشقەرى» دېگەن شېئىر ئىچىگە بېرىلگەن رەسىمنى داڭلىق رەسسام غازى ئەھمەد سىزغان. «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى مۇھەممەت يۇنۇس بىلەن داڭلىق رەسسام غازى ئەھمەدنىڭ تۆۋەندىكى سۆھبىتىنى ئوقۇپ، ئۇلۇغ بوۋىمىز مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئىككى خىل پورترېتىنىڭ مەيدانغا كېلىش جەريانى بىلەن تونۇشۇپ چىقىڭ ھەمدە پەرقلىنىدىغان جايلىرىنى بىلىۋېلىڭ.

## غازى ئەھمەد مەھمۇد قەشقەرى پورتېرېتىنى قانداق ۋۇجۇدقا چىقارغان

ئىلاۋە: مەھمۇد قەشقەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 2005 - يىل 4 - ئۆكتەبىردىن 6 - ئۆكتەبىرگىچە قەشقەر شەھىرىدە ئېچىلدى، يىغىن رەئىس سەھنىسىگە ئېسىلغان مەھمۇد قەشقەرىنىڭ پورتېرېتى يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتتى، چۈنكى داڭلىق رەسسام غازى ئەھمەد سىزغان مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۇ پورتېرېتى ئۇنىڭ ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ئىلگىرىكى ئىش ئۇستىدىكى پورتېرېتىغا ئوخشىمايدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن قەشقەردە رەسسام غازى ئەھمەدنى زىيارەت قىلدىم.

**مۇخبىر:** مەھمۇد قەشقەرى بۇنىڭدىن 1000 يىل ئىلگىرى ياشىغان تۇرسا، سىز بۇ كىشىنىڭ ئالىمنىڭ پورتېرېتىنى نېمىگە ئاساسەن، قانداق سىزىپ چىقتىڭىز؟

**غازى ئەھمەد:** ئۆزى تارىختا ئۆتكەن ھەمدە ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن سىماسى ھەققىدە

ھېچقانداق مەلۇمات قالمىغان كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش رەسساملار ئۈچۈن ناھايىتى مۇشكۇل خىزمەت ھېسابلىنىدۇ . ئەمما ، بۇ زادى مۇمكىن بولمايدىغان ئىشمۇ ئەمەس . رەسساملىق تارىخىنى ۋاراقلىساق ، ئىسمى بولسىمۇ جىسمى بولمىغان كىشىلەرنىڭ پورتېرېتىنى ياراتقان رەسساملار ئاز ئەمەس . مەن بىر ئۇيغۇر رەسسامى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ پورتېرېتىنى يارىتىشنى باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچ دەپ قاراپ ، بۇ خىزمەتنى ئۈستۈمگە ئالدىم .

مېنىڭ يېشىم 70 كە تولغان ، رەسساملىق ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىمغا توپتوغرا 50 يىل بولغان بۈگۈنكى كۈندە ، شۇنىڭدەك يەنە مەھمۇد قەشقەرى تەۋەللۇتىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن مەملىكەت خاراكتېرلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان خاسىيەتلىك كۈنلەردە ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مانا مۇشۇ سەھنىگە ئېسىلغان ئۆلچەملىك پورتېرېتىنى ئىشلەپ چىقتىم . بۇ خىزمەت مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا ، ھەرگىز باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچ ھېسابلىنىدۇ .

1951 - يىلى ئۆزبېكىستاندا ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ، ئەمىر تۆمۈر ، ئۇلۇغبەگ قاتارلىقلارنىڭ جەسەت ئۇستىخانلىرىنى يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان خامادان گۆرىستانلىقىغا يۆتكەش جەريانىدا ، ئىران ئالىمى سەئىد نەفىيسى دېگەن كىشى ئۇلارنىڭ باش سۆڭىكىنى سۈرەتكە تارتىۋالغانىكەن . 1956 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر رەسسامى ، ئارخېئولوگ ، ھەيكەلتىراش ، تارىخ پەنلىرى دوكتورى گېراسىموف مىخايىل مىخايىلوۋىچ (1909 — 1970 - يىللار ) مانا شۇ باش سۆڭەكلىرى چۈشۈرۈلگەن فوتو رەسىملەرگە قاراپ ، ئۇلارنىڭ پورتېرېتىنى سىزىپ چىققانىكەن .

بىر ئادەمنىڭ باش سۆڭىكى مەلۇم جەھەتتىن ، شۇ ئادەمنىڭ بېشىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ، باش شەكلىنىڭ سوزۇنچاق ياكى يۇمىلاقلىقى ، قاڭشىرىنىڭ ئېگىز - پەسلىكى ، مەڭزىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى قاتارلىق ئالامەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلىسىمۇ ، ئادەمنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باش سۆڭەككە قاراش بىلەنلا شۇ ئادەمنىڭ ئوبرازىغا ئائىت تېخىمۇ مۇھىم بولغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ . مەسىلەن ، شۇ كىشىنىڭ ئورۇق ـ سېمىزلىكى ، قاش ـ كۆز ، ئېغىز ـ بۇرۇن ، قۇلاق قاتارلىق ئەزالىرىنىڭ شەكلى ، تېرىسىنىڭ ئاق ياكى قارامتۇل ئىكەنلىكى ، ساقال ـ بۇرۇتلىرىنىڭ قويۇق ياكى شالاڭلىقى ، ئومۇمەن ئالغاندا ، ئادەمنىڭ خۇلق ـ مىجەزى ، خاراكتېرى ، روھىي ھالىتى قاتارلىق مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنى باش سۆڭەككە قاراپ بىلگىلى بولمايدۇ ، بۇ بىر بىلىملىك ئالىمۇ ياكى كۆڭلى قارا زالىممۇ ؟ بۇنى تېخىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ .



غازى ئەھمەد

مەن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ پورترېتىنى ئىشلەشتە بۇ ئالىمنىڭ ئوبرازىنى شۇ ئالىم ياشىغان ماكان ۋە شۇ ماكاندا ھازىرغا قەدەر ياشاپ كېلىۋاتقان خەلقلەرنىڭ ، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا ، بۇ ئالىمنىڭ ئورۇق ـ ئەۋلادلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئىزدەش لازىم ، دەپ قارىدىم ھەمدە مەقسەتلىك ھالدا يالغۇز ئوپال يېزىسىنىلا ئەمەس ،

بەلكى قەشقەر رايونىنى ئارىلىدىم. پېشقەدەم ئۆلىمالار، ياشانغان كىشىلەر ئارىسىدىن تىپىك ئوبرازلارنى بايقاش يولىدا ئىزدەندىم. چۈنكى، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ تىپىك ئوبرازى بولغاندىن باشقا، شۇ مىللەت كىشىلىرى ئولتۇراقلاشقان ۋىلايەت، ناھىيە، يۇرت، مەھەللىلەردىكى ئادەملەرنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بولىدۇ. ئالىملارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا يۇقىرىدىكىلەرگىلا تايىنىش يەنە كۇپايە قىلمايدۇ. خەلق ئارىسىدا: «يازغۇچىلار ئۆزىنى يازىدۇ، رەسساملار ئۆزىنى سىزىدۇ» دەيدىغان سۆز بار. ئالىملارنىڭ ئوبرازى ئۇ ئۆزى يازغان ئەسەرلەردىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئالىملارنىڭ خۇلق - مىجەزى، خاراكتېرى، ئىش ئىزلىرى توغرىسىدىكى يازما مەلۇماتلارنى تەپسىلىي ئۆگىنىش ۋە تەھلىل - تەپەككۇر قىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مەن مۇشۇنداق بىر قاتار جەريانلاردىن كېيىن، بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ پورترېتىنى ۋۇجۇدقا چىقاردىم.

**مۇخبىر:** سىز 1980 - يىللارنىڭ بېشىدىلا مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئىش ئۈستىدىكى پورترېتىنى سىزغانىكەنسىز، ئەينى ۋاقىتتا شۇ پورترېتنى قانداق سىزغانىدىڭىز؟ سىز نېمە ئۈچۈن بۇ قېتىم ئالىمنىڭ ئۆلچەملىك پورترېتىنى سىزدىڭىز؟

**غازى ئەھمەد:** مەن 1980 - يىلى قارا رەڭ بىلەن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئىش ئۈستىدىكى پورترېتىنى سىزىپ چىقىپ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» دا پىكىر ئېلىش نۇسخىسى ئىزاھاتى بىلەن ئېلان قىلغانىدىم. مۇناسىۋەتلىك ئالىم - مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بەزى تەكلىپ - پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، 1981 - يىلى ماي بوياق بىلەن ئالىمنىڭ ئىش ئۈستىدىكى پورترېتىنى قايتا سىزىپ چىقتىم. بۇ رەسىم 1982 - يىل 1 - يانۋاردىن 28 - فېۋرالغىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق ئاز سانلىق مىللەتلەر گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسىگە قويۇلۇپ، 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى ھەمدە بېيجىڭ مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيىدا ساقلاشقا ئېلىپ قېلىندى.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئىش ئۈستىدىكى پورترېتىنى سىزغاندا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تەكشۈرۈشلەردىن باشقا ، ئالىمنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى شۇ دەۋرگە خاس بېزەلگەن تام ۋە كىتابلار تىزىلغان تەكچىلەر ئالدىدىكى نەقىشلەنگەن ئىش ئۈستىلى ، كىتاب قويۇلغان رېھىل ، ئالىمنىڭ يېنىغا قويۇلغان مىس چۆگۈن ، يەرگە سېلىنغان گىلەم قاتارلىق قوشۇمچە دېتاللارنىڭ قەدىمىي پۇراقتا ئىگە بولۇشىغا ئېتىبار بەرگەنىدىم . ئىش ئۈستىدىكى بۇ ھالەتتە گەرچە ئالىمنىڭ ئۆزىگە خاس چازا قۇرۇپ ئولتۇرغان ھالىتى ، قاش - قاپىقىنى سۈزۈپ ، ئالىملارچە قاراشلىرى گەۋدىلەنگەن بولسىمۇ ، بۇ رەسىم بۈگۈنكى بۇ يىغىن سەھنىسىگە ئېسىشقا ئانچە مۇۋاپىق كەلمەيتتى . ئادەت بويىچە يىغىن زالىغا ئېسىش ئۈچۈن ، يەنىلا ئالىمنىڭ نەزىرى كەڭ جامائەتكە تىكىلگەن ئۆلچەملىك پورترېتىنى ئىشلەپ چىقىشقا توغرا كەلدى .

ئالىمنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ ، جامائەتكە كۆز تىكىپ قاراپ تۇرغان بۇ كۆرۈنۈشىنى سىزغاندا ، ئۇنىڭ ئالدىنقى رەسىمدىكى قاۋۇل گەۋدىسى ، يۈزىنىڭ كۆپتى ، قاش - كۆز ، ساقال - بۇرۇتى قاتارلىقلار تەسۋىرلەنگەن ئاساسىي ئوبرازىنى ساقلاپ قېلىپ ، ئۇنىڭ بېشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ جامائەتكە قارىغان ھالىتىنى گەۋدىلەندۈردۈم .

**مۇخبىر :** ئالىمنىڭ ئىش ئۈستىدىكى پورترېتى بىلەن ئۆلچەملىك پورترېتى ئوتتۇرىسىدا قانداق پەرق بار ؟

**غازى ئەھمەد :** مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئىش ئۈستىدىكى پورترېتى سىزىلىپ ، 24 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە ماڭا ئۇنىڭ ئۆلچەملىك پورترېتىنى سىزىش نېسىپ بولدى . بۇ جەرياندا ئالىم ھەققىدە ۋە ئۇنىڭ تەۋەررۇك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ھەققىدە كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلەر ، تەتقىقات نەتىجىلىرى ، ھەتتا رومانلار ئېلان قىلىندى . مېنىڭ مەھمۇد قەشقەرىگە بولغان چۈشەنچەمدىمۇ بەلگىلىك چوڭقۇرلاش بولدى .

مەھمۇد قەشقەرى گەرچە خانزادە بولسىمۇ ، ناھايىتى ئالىي تەربىيە كۆرگەن . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئەلەمگىمۇ ، قەلەمگىمۇ ماھىر زات ئىدى . ئۇ ، تولۇپ تاشقان مېھىر - مۇھەببەت بىلەن تۈركىي تىل

تەتقىقاتىغا ئۆزىنى ئاتاش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئادەتتىكى شاھزادىلەردەك سىلىق ـ سىپايە ، غوجاملاردەك خاراكتېردە بولماستىن ، ئىنتايىن جەسۇر ، باتۇر ، نوچىلاردىن ئىدى . ئۇ قىلىچۋازلىق ، نەيزىۋازلىق ، ئات بەيگىسى ، ئوقيا ئېتىشقا ئوخشاش جەڭ مەشىقلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن ، ئۆز دەۋرىنىڭ پالۋانلىرىدىن ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھاياتىدا ھەرقانداق خېيىمخەتەرلەرگە تەۋەككۈل قىلىپ ، جاسارەت بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىپ ، تاغ ـ داۋان ، چۆل ـ جەزىرىلەردىن ھالقىپ ئۆتۈپ ، يولۇققان ھەرقانداق جاپا ـ مۇشەققەت ، كۈتۈلمىگەن ئاپەتلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىپ ، تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ياشايدىغان نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلارغا بېرىپ ، تۈركىي تىلى بايلىقىنى قېزىپ توپلاپ ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېتنوگرافىيىسىنى تەكشۈرۈپ ، بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى توپلاپ ، تەتقىق قىلىپ ، بىزگە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن ئىبارەت بۇ ئالەمشۇمۇل ئابىدىنى قالدۇرغانىدى . مەن ماتېرىياللاردىن بۇ بىلىملەرگە ئېرىشتىم . شۇ بىلىم ۋە چۈشەنچىلەر ھەمدە ئۆزۈمنىڭ ئۇزاق يىللىق پېرسوناژلىق رەسىملەرنى سىزىش تەجرىبەم ئاساسىدا ئاخىرقى ھېسابتا مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۆلچەملىك پورترېتىنى بارلىققا كەلتۈردۈم .

**مۇخبىر :** بۇنداق كىشىلەرنىڭ پورترېتىنى كومپيۇتېر بىلەن ئىشلىگىلى بولامدۇ ؟

**غازى ئەھمەد :** ئەگەر بۇ ئالىملىرىمىز كرووران گۈزىلىگە ياكى مىسىردىن تېپىلغان مۇمىيالانغان جەسەتلەرگە ئوخشاش بولغان بولسا ئىدى ، ئۇ چاغدا بۇ جەسەتلەر ئۈستىدە يۇقىرى دەرىجىلىك پەننىي ئانالىز يۈرگۈزۈپ ، كومپيۇتېر تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ ، ئۇلارنىڭ پورترېتلىرىنى ئىشلەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن بولاتتۇق . ناھايىتى ئەپسۇس ، بۇ ئالىمىمىزنىڭ جەسىتى مۇمىيالانغان ئەمەس . شۇنىڭ ئۈچۈن كۆز ئالدىمىزدا ئايان بولغان مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۇ ئوبرازى بىر قاتار تەكشۈرۈش ، تەتقىق قىلىش ، ئىزدىنىش ، تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ، قىياس قىلىش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن غايىۋى ئوبرازدىن ئىبارەت .

www.uyghurkitap.com

# 4 . قەشقەر چايخانىلىرى[1]

— قەشقەرگە نەچچە قېتىم باردىم ، ئايىغىم تەگمىگەن مەكىت ، مارالبېشىمۇ قالمىدى ، ئىگەچى ، جىرىڭلىما ، ئا- ناركۆل سۇ ئامبارلىرىنىڭ سىمىز بېلىقلىرىنىڭ يۇلغۇن چوغىدا پىشۇرۇلغان كاۋاپلىرىنىمۇ يېدىم . ئىشقىلىپ ئۇي- غۇر تائامىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئېغىز تەگدىم . لېكىن ، بۇ قېتىم قەشقەرگە بېرىپ «ئوردا ئالدى» دىكى چايخانىدا يېگەن ناشتىلىقتەك تېتىمىدى ، — دېدى بىر دوستۇم .

ئۇقسام بۇ دوستۇم پولۇ ، مانتا ، پەرمۇدە ، گۆشگىردە يېمەپتۇ . تاڭ سەھەردە ئېسىل دەملەنگەن چاي ئىچكەچ ، شېخىدا سارغايغان ئۈزۈم بىلەن سىڭىپ پىشقان گىردە يەپتۇ . قەشقەرچە ئېيتسام ، «نانۇئەنگۇر» قىپتۇ . ئۇ دوس- تۇم يەنە مۇنداق دېدى : قەشقەرگە بارغان ئادەم بىر قېتىم بولسىمۇ چايخانىغا كىرمىسە ، قەشقەرنىڭ ھەقىقىي مېھىر- مۇھەببىتىنى ، قەشقەر خەلقىنىڭ ئادەمگەرچىلىكى ، خۇش مۇئامىلىسىنى ھېس قىلالمايدىكەن .

راست ، قەشقەرنىڭ چايخانىلىرى — كىلاسسىك دۇنيا ، مىسىردىكى قەھۋەخانىلارغا ئوخشاش سېھىرلىك . ئۇ يەردە سۈرگەن ھايات ھۇزۇرىنى باشقا ھەرقانداق سورۇندا سۈر- گىلى بولمايدۇ . قەشقەرنىڭ چايخانىلىرى مېھىر - مۇھەب- بەت دۇنياسى ، خۇشاللىق دۇنياسى ، ئادەمگەرچىلىك دۇن-

① بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى خۇدابەردى ئابدۇللا .

ياسى ، مەن ئۇرۇمچىدىكى ھەشەمەتلىك رېستورانلاردا خىل-
مۇخىل نازۇ نېمەتلەرگە داخىل بولۇپ ، «چولپان»لار نىڭ
ناخشىسىنى ، ئوركېستىرلارنىڭ ياڭراق مۇزىكىلىرىنى ئاڭ-
لاپ تۇرۇپمۇ «ئۆستەڭبويى» ، «تۇمەن بويى» ، «ئوردا
ئالدى» ياكى خەلق باغچىسىدىكى كۆل بويىغا قويۇلغان
كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ ، ئادەتتىكى كىشىلەر ئېيتقان ناخشا -
سازلارنى ئاڭلىغاچ ئىچكەن چېيىمنى ئەسلەيمەن . ئۆزۈم
رېستورانلاردا تۇرساممۇ ، كۆڭلۈم ئاشۇ ئاددىي كىيىنگەن ،
قوللىرى يېرىق ، ساقاللىرى يىرىك ، ئەمما كۆڭۈلچەك ،
دىلكەش ، چىقىشقاق ، چاقچاقچى ، جاپاغا كۆنۈك ، جاھاننىڭ
مۇشكۈلىنى چىۋىقىغا ئالمايدىغان ئادەملەر ئارىسىدا «داڭ-
لاپ» يۈرىدۇ .

قەشقەرنىڭ چايخانىلىرى ئادەتتە سۇبھى كۆتۈرۈلۈش-
تىن بۇرۇن ئېچىلىپ ، ئادەم ئايىغى بېسىققاندا تاقىلىدۇ .
مۇلازىملار شۇنچىلىك تاقەتلىككى ، بىر ئادەم قالسىمۇ «ئى-
شىكنى تاقايمىز» دەپ ئالدىرىتىپ ، خېرىدارنىڭ كۆڭلىگە
ئازار بەرمەيدۇ . چاينى چويۇن ياكى مىس قازاندا قاينىتى-
دۇ . «ئىسسىق ساقلايدىغان تۇڭ»غا قاچىلىۋالمايدۇ ، كۆ-
پىنچە چايخانىلاردا چاي خېرىدارلارنىڭ تاۋىغا قاراپ دەملى-
نىدۇ ؛ چايخورلار «خامچاي» ئىچمىشكە ئامراق ، خامچاي
دېگىنىمىز — خېرىدار چايخانىغا كىرگەندىن كېيىن قۇرۇق
چەينەككە چاينى سېلىپ قايناق سۇنى قۇيۇپ ئوتقا قويۇۋې-
تىپلا ئەكىلىپ بېرىدىغان چاي .

قەشقەردە چايخانىلارغا سىرتتىن كەلگەن ، قەشقەردە
تۇرىدىغان ئۆيى يوق ، كەمبەغەل ئادەملەرلا ئەمەس ، شەھەر-
نىڭ كىندىكىدە ئۆيۋاقىسى بار ، مەسچىتتىن چىققۇچە كې-

لىنلىرى ھالۋا ئېتىپ ، پېتىر نان يېقىپ ، ئاتىنىڭ قېنىدەك چاي دەملەپ قويىدىغان ، قولىنى قەيەرگە سۇنسا ، شۇ يەرگە يېتىدىغان بايلارمۇ ، مويسىپىت ھۈنەرۋەن ، كاسىپلارمۇ ، ئۇزاق يىل ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئىشلەپ پېنسىيىگە چىق-قان مۆتىۋەرلەرمۇ كىرىدۇ. مەن بىرقانچە قېتىم بۇنداق كىشىلەرنىڭ پەرىشتىدەك قىز - كېلىنلىرىنىڭ «دادىكا ، چايلىرىنى ئۆيدە ئىچسىلە» دەپ يالۋۇرۇشلىرىغا پىسەنت قىلماي ، چايخانىغا ئالدىراپ كىرىپ ، دەزمال سېلىنغان ئېسىل دۇراپ پەلتۇ ، مېترو كاستۇملىرىنى چايخانىنىڭ تۇۋۇرۇكىدىكى ئاددىي قوزۇقلارغا ئېسىپ قويۇپ ، يىپ ئەدىيالدا ئولتۇرۇپ چايغا تۇتۇش قىلغانلىقىنى كۆرگەنمەن.

بەزى تونۇش چوكانلارنىڭ زارلىنىپ : ئۆيدە پولۇ ، مانتىنى يالۋۇرغۇزۇپ يەيدۇ ، چايخانىدا قۇرۇق ناننى ئاچ-چىق چاي بىلەن ئىچىپ - يەپ تويمايدۇ . چايخانىدىكى چايدا نېمە خىسلەت باردۇ؟ ياسىداق ئۆيدە ، بالا - چاقىلىرى بىلەن غىزالانسا بولمامدىغاندۇ؟ ئۆيدە گەپنى پۇلغا ساتىدى-غاندەك ئاز قىلىدىغان دادام ، ئاڭلىساق چايخانىدا بۇلبۇل-دەك سايراپ ، ئاغزى تالمايدىكەن ، دېگەنلىرىنى كۆپ قېتىم ئاڭلىغانىدىم . مەنمۇ قەشقەردىكى چاغلىرىمدا كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ قالسا ياكى مۈگىلىنىپ قالسام ، ئىختىيارسىز چايخا-نىغا كىرىپ قالاتتىم . ئۇ يەردىكى جامائەتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ چاي ئىچكەچ ، قىلىشىۋاتقان گېپىگە قۇلاق سالاتتىم ياكى ناخشا - قوشاقلىرىنى تىڭشاپ ، ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى بىلمەي قالاتتىم . بولۇپمۇ قەشقەر خەلق باغ-چىسى ئىچىدىكى چايخانىغا تولا باراتتىم . شەنبە ، يەكشەنبە كۈنلىرىمنىڭ تولىسىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزەتتىم . باغچى-

نىڭ شىمال تەرىپىدىكى دەرۋازىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئېگىز تېرەكلەر سايە سالغان يالغۇز ئاياغ يولنى بويلاپ ئاقىدىغان ئېرىق بويىغا ئورۇنلاشقان بۇ چايخانا تومۇز كۈنلىرى بەكمۇ ئاۋات بولۇپ كېتەتتى. بۇ يەرگە يازغۇچى، شائىر، مۇخبىر، دوختۇر، ناخشىچى، سازچى، ئۇسسۇلچى، ھۈنەرۋەن، ۋاپۇرۇشلار ۋە ھەر خىل تىجارەتچىلەر، كارخانىچىلار يىغىلاتتى. دەسلەپتە بىر كارىۋاتتا تۆت كىشى ئولتۇراتتۇق، كۈننىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ ئادەملەر ئاۋۇيتتى، كارىۋاتتىن پەسكە چۈشۈپ چىنىدەك سۈپۈرۈپ تازىلانغان يەرگە سېلىنغان يىپ ئەدىياللاردا ئولتۇراتتۇق، مەشھۇر ناخشىچى، سازچى، قىزىقچىلار پەيز قىلغاندا ئادەملەرگە ئولتۇرىدىغان جاي يېتىشمەيتتى. چالغان ساز، ئېيتقان ناخشىلار شۇنچىلىك جەلپكار ئىدىكى، چايخانىدىكىلەر جىمىپ كېتەتتى. چۈنكى، ئۇلار ناخشىنى قۇلىقى بىلەن ئەمەس، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاڭلايتتى. ئۆزىنىڭ زۆرۈر ئىشىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتەتتى. توپىدا ئولتۇرۇپ چاپانلىرىنىڭ توپا بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالاتتى. ياشلار ئۇسسۇلغا چۈشسە ئەتراپتا ئوغلاق تارتقاندەك شاۋقۇن كۆتۈرۈلەتتى. چايخانا خوجايىنى قولى پۇل كۆرگەن ئايال بولغاچقا، ئىچكەن چاينىڭ ھېساباتىنى قىلىپ كەتمەيتتى، چاينى ئۈزۈلدۈرۈپ قويمايتتى. بۇ چاغدا بىر كىم مەجبۇر قىلمىسىمۇ، سورۇن ئەھلى ئۆزلۈكىدىن سامسا، كاۋاپ، دوغ، ماروژنا، قوغۇن، تاۋۇز، يەل ـ يېمىش، لەڭپۇڭ، گازىر ـ پۇرچاق، ئىچىدىغانلىرى ھاراق دېگەنلەردىن ئەكېلىپ داستىخانىنى تولدۇرۇۋېتەتتى.

بېشىدىن ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتكەن، كۆپنى كۆرگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئادەملەر ئاسانلا سورۇننى ئىگىلەپ ، باشقىلارنى ئۆزىگە قارىتىۋالاتتى . ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ھەقىقىي ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ، ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن ئىشلار بولغاچقا ، بەزىدە يۈرەككە سىڭىپ كۆزگە ياش كەلتۈرەتتى ، بەزىدە قاقاقلاپ كۈلدۈرەتتى ؛ ئۇلار ئىستانبۇل ، لوندون ، موسكۋا ، ۋاشىنگتون توغرۇلۇق سۆزلىسىمۇ گويا شۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەندەك ئوبرازلىق سۆزلەيتتى ، تىڭشىغۇچىلار ئۆزىنىڭ قەشقەر شەھىرىدىكى بىر ئاددىي چايخانىدا ئولتۇرغانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قوياتتى .

قەشقەر چايخانىلىرىنى ئادەمگەرچىلىكنى ئۆگىتىدىغان مەكتەپ دېسىمۇ ئوشۇق كەتمەيدۇ ؛ كىرگەن ئادەمنىڭ كىيىم - كېچىكىگە ، جەمئىيەتتىكى ئورنىغا قاراپ مۇئامىلە قىلمايدۇ . ھەرقانداق ئادەم ، «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ بوسۇغىدىن ئاتلىسا ، ئورۇنغا تەكلىپ قىلىنىپ بىر بۇردا نان بىلەن بىر پىيالە چاي سۇنۇلىدۇ . قاچاندۇر بىر ۋاقىتتا بىر ئىنوتتىن «قەشقەرلىكلەر بىر گىردىنى ئوتتۇز پارچە قىلىپ ئوشتۇپ تاڭ سەھەردىن كەچكىچە يەپ تۈگىتەلمەيدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدىم ، راستتىنلا بىر نانىنى ئوتتۇز پارچە قىلىپ ئوشتۇمىسىمۇ ، بىرقانچە پارچە قىلىپ قويۇپ چاي ئىچكەچ پاراڭلىشىدۇ ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى ھەرگىزمۇ نان يېيىش ، قورساق بېقىش ئەمەس ، پاراڭلىشىش ، دىلكەشلىك قىلىش ، ئەسرالىنىش . چايخانا ئاچقانلار پۇل تاپقان ، داڭلىق بايلاردىن بولمىغاچقا ، چايخانىلارنىڭ سەرەمجانلىشىشىمۇ ئاددىي ، كۆپىنچىسىدە كونىچە سۇپا ، سىرلانغان كارىۋاتلار قويۇلغان ، ئوتقاشتەك زىلچا - گىلەم ، شىرداقلار يوق . ئوچاق بېشىدىن باشقا جايلىرى چاق-

چۇقلاشتۇرۇلمىغان ، ئىشىك ـ دېرىزىلىرىمۇ كونا ، پىيا-
لە- چەينەكلىرى ئىمكەش . قەشقەرنىڭ چايخانىلىرىنى
دەرسخانا دېسىمۇ بولىدۇ ، لېكىن بۇ يەردىكى ئوقۇتقۇچى
بىر ئەمەس ، ھەممە ئادەم سۆزلەيدۇ . بەزىلىرى ئۆزىنىڭ
سودىدا تارتقان زىيىنىدىن گەپ ئاچسا ، بەزىلىرى ئوغۇل-
قىزلىرىنىڭ بەختەجلىكى ، گەپ ئاڭلىماسلىقىدىن گەپ ئا-
چىدۇ . بۇلار سۆزلىگەندە بىرسىدىن ھېيىقماي ، تارتىنماي
نېمە بولسا شۇنى سۆزلەيدۇ . باشقىلار بۇ ئىشقا قارىتا كۆز-
قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ، توغرىسىنى مۇئەييەنلەشتۇ-
رۇپ ، خاتاسىنى تۈزىتىدۇ . ھېلىقى دەردمەن ئەھلى جاما-
ئەتنىڭ تەسەللىسى ، نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ باشقىچە يەڭگىل-
لەپ ، خۇددى قېلىن ئورمانلىقتىن يول تاپقاندەك خۇرسەن
بولۇپ قايتىدۇ .

ئۆتكەن يىلى كەچ كۈزدىكى بىر ئىش زادى ئېسىمدىن
چىقمايدۇ ، كەچقۇرۇن ئاغىنە ـ بۇرادەرلىرىم بىلەن كىنو
كۆرۈپ يانغاندىن كېيىن زادىلا ئايرىلغۇم كەلمىدى . مەن
بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇش تەكلىپىنى بەرسەم ، بىرى
«ئۆستەڭ بويى»دا كاۋاپ يېگەچ پاراڭلىشايلى ، دېدى ، يەنە
بىرى «يارباغ»قا چۇشۇپ «كۈئىنلۈن» رېستورانىدا بەزمە
قۇرايلى ، دېدى . كۆڭلۈم ئۇ جايلارنى تارتمىغاندىن كېيىن ،
ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ئۆزۈم يالغۇز قالدىم . يۇلتۇزدەك
يانغان چىراغ يورۇقىدا ھېيتگاھنىڭ كەچلىك مەنزىرىسىنى
تاماشا قىلغاچ ، يول بويىدىكى ئۇششاق يايمىچى ، ئېلىپ ـ
ساتارلارنىڭ بازىرىنى ئارىلاپ مېڭىپ ، بىر بېسىپ ـ ئىككى
بېسىپ ئوردا ئالدىدىكى ئاددىي چايخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ
قاپتىمەن . چايخانىدىن دۇتارنىڭ مۇڭلۇق ناۋاسىغا تەڭكەش

بىر يېقىملىق ناخشا ئاڭلىنىۋاتاتتى . دۇتار ساداسى كېچە جىمجىتلىقىدا خۇددى خىلۋەت باغدا سايرىغان بۇلبۇل ئاۋازىدەك ئاڭلىناتتى ، ناخشىمۇ ئۆزىنىڭ بالاغىتى بىلەن ھەممەيلەننىڭ ئەس - ھوشىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغانىدى . ناخشىغا زېھنىمنى يىغىپ قۇلاق سالدىم . ناخشىلار تولاراق نەۋائى ، ھۆۋەيدا ، مەشرەپ ، زەلىلى ، پۇرقەتلەرنىڭ تېكىستلىرىگە سېلىنغانىدى .

تۇن يېرىم بولغاندا ساز توختىدى . ھەممەيلەن ئۆزئارا ئامان - ئېسەنلىك تىلىشىپ ئايرىلىشتى . مەن بىر تونۇشۇمدىن ناخشىچى كىم؟ دېسەم ، قەلبىدىشىمىز ، ئۆزى تېۋىپ ، ئىشتىن چۈشۈپ ھەر جۈمە مۇشۇ چاغدا ، مۇشۇ چايخانىدا ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ ، دېدى . ھەي ! دېدىم ئۆزۈمگە . ياسىداق سورۇنلاردىكى ئەبجەش ناخشا ، ئارىلاشما سازنى تىڭشاپ ، زوقۇمنى بۇزۇپ غۇدۇراپ يۈرگىچە ، بۇ يەرگە بالدۇرراق كەلسەمچۇ ... شۇنىڭدىن كېيىن ھەر جۈمە كەچتە سالاپەتلىك ، دەرىجىسى ئۈستۈن سورۇنلارنى تاشلاپ «ئوردا ئالدى»غا كېلىپ ، چايخانىدا كلاسسىكلارنىڭ روھىنى ئويغىتىپ ، مەنىۋىيەتنى بېيىتىدىغان ناخشىلىرىنى ئاڭلايدىغان بولدۇم .

## كۆنۈكمە

1 . بۇ ئەسەردە ئاپتورنىڭ قانداق ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ئەكس ئەتكەن؟ شۇ خىلدىكى جۈملىلەرنى تېپىپ ، ئاستىغا سىزىپ ئوقۇڭ .

2 . قەشقەر چايخانىلىرى كىشىلەرنى قايسى ئارتۇقچى-

لىقلىرى بىلەن جەلپ قىلىدۇ؟

3. «مەن»، يەنى ئاپتور نېمە ئۈچۈن «ھەشەمەتلىك رېستورانلاردا خىلمۇخىل نازۇ نېمەتلەرگە داخىل بولۇپ، «چولپان»لارنىڭ ناخشىسىنى، ئوركېستىرلارنىڭ ياڭراق مۇزىكىلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ «ئۆستەڭبويى»، «تۇمەن بويى»، «ئوردا ئالدى» ياكى خەلق باغچىسىدىكى كۆل بويىغا قويۇلغان كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ، ئادەتتىكى كىشىلەر ئېيتقان ناخشا ـ سازلارنى ئاڭلىغاچ ئىچكەن چېيىمنى ئەسلەيمەن» دەپ يازىدۇ؟

4. ئاپتور نېمە ئۈچۈن قەشقەر چايخانىلىرىنى مەكتەپ، دەرسخانا، مېھىر ـ مۇھەببەت بۇلىقى دەپ يازىدۇ؟

5. تېكىستتىن ئۆزىڭىز چۈشىنەلمىگەن سۆزلەرنى تاللاپ يېزىپ، قورال كىتابلارنى ئاختۇرۇپ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭ.

www.uyghurkitap.com

# 5 . ئۇرۇقنىڭ كۈچى[1]



شيا يەن

مۇنداق بىر ھېكايە بار . بەزىلەر «دۇنيادا نېمە ئەڭ كۈچلۈك ؟ » دەپ سورايدۇ . بۇنىڭغا جاۋاب ناھايىتى كۆپ . بەزىلەر پىل دېسە ، بەزىلەر شىر دەيدۇ ، يەنە بەزىلەر چاقچاق قىلىپ ۋاجرا[2] دەيدۇ . ۋاجرانىڭ قانچىلىك كۈچى بارلىقىنى دەرۋەقە ھېچكىممۇ بىلمەيدۇ . بۇ جاۋابلار پۈتۈنلەي خاتا . دۇنيادا ئەڭ كۈچلۈك نەرسە ئۆسۈملۈك ئۇرۇقى . بىر تال ئۇرۇقنىڭ «كۈچى» ھەقىقەتەنمۇ ھەرقانداق نەرسىنىڭكىدىن ئارتۇق بولۇشى مۇمكىن .

بۇ ھەقتە مۇنداق ھېكايىمۇ بار . ئادەمنىڭ باش سۆڭە-

---

① بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى شيا يەن (1900 — 1995 - يىللار)
② ۋاجرا — بۇددا دىنىدىكى ئىلاھىي پالۋان .

كى ئىنتايىن زىچ جىپسىلاشقان بولۇپ ، ئۇ ناھايىتى مۇس-
تەھكەم ، فىزىئولوگىيە ئالىملىرى ۋە ئاناتومىيە ئالىملىرى
ئۇنى مۇكەممەل ئاجرىتىش ئۈچۈن ، بارلىق چارىلەرنى ئىش-
لەتكەن بولسىمۇ ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى . كېيىن ،
بەزىلەر بىر چارىنى ئويلاپ تاپقان ، يەنى بەزىبىر ئۆسۈملۈك-
لەرنىڭ ئۇرۇقىنى مېڭىنىڭ قېپى ئىچىگە سېلىپ ، ئۇنىڭ
بىخ سۈرۈشى ئۈچۈن مۇۋاپىق ئىسسىقلىق ۋە نەملىك بەر-
گەن . بۇ ئۇرۇقلار بىخ سۈرۈشى بىلەنلا ئادەمنى ھەيران
قالدۇرغۇدەك كۈچىنى كۆرسەتكەن ، ھېچقانداق مېخانىكى-
لىق كۈچ ئاجرىتالمىغان سۆڭەكلەرنى مۇكەممەل ئاجرىتى-
ۋەتكەن . ئۆسۈملۈك ئۇرۇقىنىڭ كۈچى ئەنە شۇنداق زور !

بۇ بىر ئالاھىدە ئىش بولۇپ ، ئادەتتىكى كىشىلەر
ئاسانلىقچە چۈشىنەلمەيدۇ . ئۇنداقتا ، سىز تاش ئاستىدا
بېسىلىپ قالغان ئوت - چۆپلەرنى كۆرگەنمۇ ؟ بۇ ئوت -
چۆپلەر ئۆسۈپ يېتىلىش ئۈچۈن ، ئۈستىدىن بېسىۋالغان
تاش مەيلى قانچىلىك ئېغىر بولسۇن ، تاش بىلەن تاش
ئارىلىقى قانچىلىك تار بولسۇن ، ھامان ئەگرى - توقاي
يوللارنى بېسىپ ، قەيسەرلىك بىلەن يەر ئۈستىگە چىقىدۇ .
ئۇنىڭ يىلتىزى تۇپراق ئىچىگە ئۆسۈپ كىرىدۇ ، بىخلىرى
يەر ئۈستىگە چىقىدۇ ، بۇ قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان كۈچ
بولۇپ ، ئۇ ئۆزىگە توسالغۇلۇق قىلغان تاشلارنى ئاخىر
ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ . بىر تال ئۇرۇقنىڭ كۈچى ئەنە شۇنداق
زور !

ھېچكىم بىر تال كىچىك ئوت - چۆپنى پالۋان دېمەي-
دۇ ، لېكىن ئۇنىڭ كۈچىنى ھەقىقەتەنمۇ ھېچ نەرسىگە
سېلىشتۇرۇپ بولمايدۇ . بۇ خىل كۈچ كۆرگىلى بولمايدى-

غان هاياتىي كۈچ . هاياتلىق مەۋجۇتلا بولىدىكەن ، بۇ خىل كۈچ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ ، ئۈستىدىن بېسىپ تۇرغان تاش ئۇنىڭغا قىلچىمۇ توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ ، چۈنكى بۇ ئۇزاق مۇددەتكىچە قارشى تۇرالايدىغان بىر خىل كۈچ ؛ ئېلاستىك-لىق ، پۈكلىنەلەيدىغان ۋە ئۆزىرىيالايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە كۈچ ؛ ئەۋرىشىم ، كۆزلىگەن نىشانغا يەتمىگۈچە توختىمايدىغان كۈچ .

هاياتلىقتا ئىگە بىر تال ئۇرۇق ئۇنۇملۇك يەرگە چۈش-مەي ، بەلكى كاھىشلار دۆۋىسى ئىچىگە چۈشۈپ قالسىمۇ ، ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ ، ھەرگىز خورسىنىپ قالماي-دۇ . ئۇ قارشىلىق بولغاندىلا ، چېنىقىپ چىققىلى بولىدىغان-لىقىغا ئىشىنىدۇ . پەقەت ئاشۇنداق ئوت - چۆپلەرلا ئېگىل-مەس - سۇنماس ئوت - چۆپ بولالايدۇ . شۇنىڭدەك ، پەقەت ئاشۇنداق ئوت - چۆپلەرلا پارنىكتا ئۆسكەن تەشتەك گۈللى-رىنى مازاق قىلىپ مەغرۇرانە كۈلىدۇ .

## كۆنۈكمە

1 . مۇناسىۋەتلىك جۈملىلەرگە ئاساسەن تۆۋەندىكى سۆزلەرنى چۈشىنىۋېلىڭ :

زىچ ئاناتومىيە ئۈمىدسىزلىنىش خورسىنىش

ئەۋرىشىم چېنىقىش قەيسەرلىك پۈكلىنەلەيدىغان

ۋە ئۆزىرىيالايدىغان

2 . تېكىستنىڭ باش - ئاخىرىغا باغلاشتۇرۇپ ، تۆۋەن-دىكى جۈملىلەرنىڭ مەنىسىنى سۆزلەپ بېرىڭ ، ئاستى سى-زىلغان سۆزلەرگە دىققەت قىلىڭ :

1 ) بۇ ئۇرۇقنىڭ «كۈچى» ھەقىقەتەنمۇ ھەرقانداق نەرسىنىڭكىدىن ئارتۇق بولۇشى مۇمكىن.

2 ) بۇ ئۇرۇقلار بىخ سۇرۇشى بىلەنلا ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك كۈچىنى كۆرسەتكەن.

3 ) بۇ قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان كۈچ بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە توسالغۇلۇق قىلغان تاشلارنى ئاخىر ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ.

4 ) بۇ ئۇزاق مۇددەتكىچە قارشى تۇرالايدىغان بىر خىل كۈچ؛ ئېلاستىكلىق، پۈكلىنەلەيدىغان ۋە ئۇزىرىيالايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە كۈچ؛ ئەۋرىشىم، كۆزلىگەن نىشانغا يەتمىگۈچە توختىمايدىغان كۈچ.

3 . بۇ تېكىستتە ئۇرۇقنىڭ كۈچى دۇنيادا ئەڭ زور كۈچ ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆز باشلىنىپ، كىشىلەرگە ئۇرۇقنىڭ كۈچى ھاياتىي كۈچ ئىكەنلىكى ئۇقتۇرۇلغان. ھاياتلىق مەۋجۇتلا بولىدىكەن، بۇ خىل كۈچ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ، مەيلى مۇھىت ـ شارائىت ھەرقانچە ناچار بولسۇن، مەيلى ھەرقانداق خەۋپ ـ خەتەر، جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە ئۇچرىسۇن، ئۇنى ھېچ نەرسە توسۇپ قالالمايدۇ. تېكىستنى ئىچىڭىزدە ئوقۇپ، ئاپتورنىڭ ئۇرۇقنىڭ كۈچى دۇنيادا ئەڭ زور كۈچ ئىكەنلىكىنى قاتلاممۇقاتلام قانداق چۈشەندۈرگەنلىكىگە دىققەت قىلىڭ.

4 . تېكىستنى ئۈنلۈك، ھېسسىياتلىق ئوقۇڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېزىقچىلىق

# ئەسەردىكى ئىدىيىۋى ھېسسىيات

بىز «ئۇرۇقنىڭ كۈچى» دېگەن تېكىستنى ئوقۇغاندىن كېيىن، كىچىككىنە بىر تال ئۇرۇقنىڭ غايەت زور كۈچىدىن ھەيران بولۇپلا قالماي، تاش ئاستىدىكى كىچىككىنە ئوت - چۆپلەرنىڭ باش ئەگمەي قەيسەرلىك بىلەن ئۆسۈپ چىققانلىقىغا ئاپىرىن ئېيتىمىز ۋە بۇ خىل كۆرگىلى بولمايدىغان ھاياتىي كۈچتىن رىغبەتلىنىپ ۋە ئىلھاملىنىپ، كۈچ - قۇۋۋەت ئالىمىز. بۇ خىل ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ماقالىنىڭ سۆز - جۈملىلىرىدىن ھېس قىلىمىز.

«ئۇرۇقنىڭ كۈچى» دېگەن بۇ تېكىستتە ئۇرۇقنىڭ كۈچى مىسالغا ئېلىنىش ئارقىلىق، ھاياتىي كۈچكە قارشى تۇرغىلى بولمايدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ مەركىزىي ئىدىيە ئەسەردە مۇنداق قاتلاممۇقاتلام ئېنىق سۆزلەنگەن: ئالدى بىلەن دۇنيادا ئەڭ كۈچلۈك نەرسە ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بىر تال ئۇرۇقنىڭ «كۈچى» باشقا بارلىق نەرسىلەرنىڭ كۈچىدىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان؛ ئارقىدىنلا ئۇرۇقنىڭ بىخ سۈرگەن چاغدىكى مېڭە قېپىنى ئاجراتقانلىق ۋەقەسىدىن پايدىلىنىپ، كىشىلەرگە ئۇرۇقنىڭ كۈچى «ھەيران قالغۇدەك» دەرىجىدە كۈچلۈك ئىكەنلىكى ئۇقتۇرۇلغان؛ ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە تاش ئاستىدىن ئۈنۈپ چىققان كىچىك

ئوت- چۆپلەرنىڭ تاشلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ، قەيسەرلىك
بىلەن يەر ئۈستىگە چىققانلىقىنى سۆزلەش ئارقىلىق ، كى-
شىلەرگە ئۇرۇق كۆچىنىڭ «قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان
بىر كۈچ» ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلگەن ؛ ئەڭ ئاخىرىدا ،
ئۇرۇقنىڭ كۈچى ئەمەلىيەتتە «كۆرگىلى بولمايدىغان هايا-
تىي كۈچ» ئىكەنلىكى ، هاياتىي كۈچلا بولىدىكەن ، ئۇمى-
سىزلىنىشنىڭ بولمايدىغانلىقى ، توسالغۇلاردىن قورقمايدى-
غانلىقى كۆرسىتىلگەن .

ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى قاتلاممۇقاتلام ئېچىپ
بېرىلگەن . بىز ئابزاسمۇئابزاس ئوقۇغىنىمىزدا ، ئەسەرنىڭ
مەركىزىي ئىدىيىسى قەدەممۇقەدەم ئايدىڭلىشىدۇ . ئەسەر-
نىڭ بېشىدىلا ئۇرۇقنىڭ كۈچى «هەرقانداق نەرسىنىڭكىدىن
ئارتۇق» ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ، بۇنى ئوقۇغاندا ،
بىزدە بۇنىڭغا نىسبەتەن گۇمان تۇغۇلىدۇ ، هەيران قېلىشى-
مىزمۇ مۇمكىن . ئۇرۇق كۆچىنىڭ مېڭە قېپىنى ئاجرىتا-
لايدىغانلىقى ، كىچىك ئوت - چۆپلەرنىڭ تاشلارنى ئاغدۇرۇ-
ۋېتەلەيدىغانلىقىنى ئوقۇغىنىمىزدا ، ئۇرۇقنىڭ «هەيران
قالغۇدەك كۈچى» بارلىقىغا ئىشىنىمىز هەمدە بۇ خىل
كۈچكە «قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان»لىقىنى هېس قىلى-
مىز . نېمە ئۈچۈن مۇنداق بولىدۇ ؟ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇ-
رۇپ ، «بۇ خىل كۈچ كۆرگىلى بولمايدىغان هاياتىي كۈچ .
هاياتلىق مەۋجۇتلا بولىدىكەن ، بۇ خىل كۈچ ئۆزىنى كۆر-
سىتىدۇ» دېگەن بۇ ئىككى جۈملىنى ئەسەرنىڭ باش تەرىپى-
دىكى بىرنەچچە قاتلام مەزمۇن بىلەن بىرلەشتۈرىدىغان بول-
ساق ، ئۇرۇقنىڭ كۈچىگە نىسبەتەن يېڭى بىر تونۇشقا ئىگە
بولىمىز . ئۇنىڭغا ئۇلاپلا : «بۇ ئۇزاق مۇددەتكىچە قارشى

تۇرالايدىغان بىر خىل كۈچ ؛ ئېلاستىكلىق ، پۇكلىنەلەيدى-
غان ۋە ئۈزۈل بىيالايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە كۈچ ؛ ئەۋرى-
شىم ، كۆزلىگەن نىشانغا يەتمىگۈچە توختىمايدىغان كۈچ »
ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن . بۇ يەردە شۇ نەرسە ئېسىمىزگە
كېلىدۇ : «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇزاق مۇددەتكىچە
ئۇرۇش قىلىش» دېگەن شوئار جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون
جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى ئوتتۇرىغا قويى-
غان جەڭگىۋار شوئارى ئەمەسمۇ ؟ بۇ يەردە بۇنى تىلغا ئې-
لىشتىكى مەقسەت نېمە ؟ بۇ ئۆي - پىكىر بىلەن ئەسەرنىڭ
سۆز - ئىبارىلىرىنى يەنە بىر قېتىم تەپسىلىيرەك ئىگىلەپ
باقساق ، ئەسلىدە ئاپتورنىڭ بۇ ئەسەردە ئۇرۇق بىلەن كى-
چىك ئوت - چۆپنى مىسالغا ئېلىش ئارقىلىق ، كىشىلەرگە
مۇرەسسەلەشمەسلىك ، باش ئەگمەسلىك ، تولۇپ تاشقان ئى-
شەنچ بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئاخىر-
غىچە داۋاملاشتۇرۇش ھەققىدە ئىلھام بەرگەنلىكىنى چۈشى-
نىمىز . ئۇرۇق بىلەن كىچىككىنە ئوت - چۆپ شۇنداق
ئىكەن ، ئەجەبا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى
دۈشمەن بىلەن مۇرەسسەلىشەمدىكەن ؟ ياق ، بىز ئۆزلىمىز-
نىڭ كۈچىگە ئىشىنىپ ۋە ئۇنى كۆرۈپ ، باش ئەگمەستىن
كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىدىغانلا بولساق ، چوقۇم ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەل-
تۈرەلەيمىز .

كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى ۋە بىلىمىنىڭ
ئاز - كۆپلۈكى ئوخشاش بولمىغاچقا ، بىرەر پارچە ئەسەر-
نىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى چۈشىنىشىمۇ ئوخشاش بولماي-
دۇ . ئەگەر بىز ئاپتور ياشىغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى

ئۇرۇش دەۋرىدىكى تارىخىي مۇھىتنى ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئەھۋالىنى ، يەنى مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئاخىر- غىچە داۋاملاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىۋاتقانلىقى ، شۇنىڭ- دەك ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ تولىمۇ قورقۇنچاق- لىق قىلىۋاتقانلىقى ، ھەتتا تەسلىمچىلىك ۋە سۈلھى قىلماق- چى بولىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ئىگىلىگەن بولساق ، ئۇ ھالدا تېكىستىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئابزاسىدىكى «ئۇ ھەرگىز ئۈمىد- سىزلەنمەيدۇ ، ھەرگىز خورسىنىپ قالمايدۇ ، ئۇ قارشىلىق بولغاندىلا ، چېنىقىپ چىققىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش جۈملىلەردىن چوڭقۇر تەسىرلىنىمىز . شۇڭا ، ئەسەردىكى ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى چۈشىنىش ئۈ- چۈن ئەسەرنى پۈتۈن دىققىتىمىز بىلەن ئەستايىدىل ئوقۇپ ، ئاپتور بىلەن ئوخشاش ئوي - پىكىردە بولۇشىمىز كېرەك ، شۇنداق قىلغاندىلا نەتىجىگە ئېرىشەلەيمىز . بۇ خىل ماھا- رەتنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ، ئادەتتە كۆپ ئوقۇشىمىز ، كۆپ كۆرۈشىمىز ، كۆپ ئويلىشىمىز كېرەك .



## ئىككىنچى مەشىق

1 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ نۇقسانلىرىنى ئۆزگەر-تىڭ .

1 ) بىز ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز ۋە جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم .

2 ) بەختىيار مۇئەللىم «نەمۇنىلىك سىنىپ مۇدىرى» دېگەن نامغا شەرەپ بىلەن باھالاندى .

3 ) قەغەز ياساش مەملىكىتىمىزنىڭ تۆت كەشپىياتى .

4 ) ئۇ ئۇچىسىغا كۆل رەڭ چاپان ، كۆك شەپكە كىيىد-ۋالغاندى .

5 ) مۇئەللىم سىنىپتىكى ياخشى ئادەم ، ياخشى ئىش-لارنى ۋە زىيادىنىڭ باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان ئىشىنى تەقدىرلىدى .

6 ) ئىككى يېڭى - كونا جەمئىيەت ھەقىقەتەنمۇ روشەن سېلىشتۇرما - ھە !

7 ) باتۇر شىر تاغ - تاشلارنى قورقۇنچقا سېلىپ دەھشەتلىك ھۆركىرىدى .

8 ) ئوقۇغۇچىلار مەيداندا ئىگىز - پەس يۈگۈرۈپ خۇشال ئويناۋاتاتتى .

2 . تۆۋەندىكى نەسرنى ئۈنلۈك ئوقۇڭ ، ھېسسىياتنى ئىپادىلەشكە دىققەت قىلىڭ . ياقتۇرغان جۈملىلىرىڭىزنى خاتىد-رىڭىزگە كۆچۈرۈۋېلىڭ .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئانا تىلىم[1]

ئەي ، ئانا تىلىم — ئانامنىڭ تىلى !
ئانا تىلىم ! ئەي ، ئانام بەرگەن تىل !
مەن سېنى ئانامدەك ئەزىزلەيمەن !

سېنى ئاڭلىسام ، ئانامنىڭ ئوتلۇق يۈرەك خىتابىنى ئاڭلىغاندەك بولىمەن ؛ سېنى سۆزلىسەم ، شۇ خىتابقا جاۋاب سادايىمنى ياڭراتقاندەك بولىمەن .

ئانام ماڭا تۇنجى قېتىم «بالام — باغرىم» دېگىنىدە سەن بىلەن — دەل مۇشۇ ئۇيغۇر تىلى بىلەن سۆزلىگەن . مەنمۇ تۇنجى قېتىم «ئانا — ئانام» دېگىنىمدە سەن بىلەن — مۇشۇ تەۋەررۈك تىل بىلەن سۆزلىگەن .

ئانا تىلىم ، سېنىڭ ھەربىر تاۋۇشىڭدا ئانامنىڭ يېقىملىق تىنىقلىرى بار ؛ سېنىڭ ھەربىر ئۇرغۇڭدا ئانامنىڭ نەپەس ھېسسىياتىنىڭ ئۇرغۇشلىرى بار ؛ سېنىڭ ھەربىر ياڭرىشىڭدا ئانامنىڭ غۇرۇرى بار ، ئىپتىخارى بار .

مەن سەن ئارقىلىق ئانامنىڭ كەچمىشلىرىنى ئۇققان ؛ سەن ئارقىلىق ئەجدادلارنىڭ كىملىكىنى ئۇققان ؛ سەن ئارقىلىق ئانا يۇرتنىڭ نېمىلىكىنى ئۇققان .

شۇنداق ، سەن ئارقىلىق مېنىڭ ئۇققان - بىلگەنلىرىم جىق ، ناھايىتى جىق ؛ سەن ئارقىلىق ئورخۇن ۋادىسىدىكى مەڭگۇ تاشلارنىڭ سىرىنى ئۇقتۇم ، ئەجدادلىرىمنىڭ گۈللىنىش ۋە خارابلىشىش تارىخى كۆز ئالدىمدا ئايان بولدى . ئۇنىڭدىكى غالىبلىقتا بولغان مەدھىيە كۆڭلۇمنى يايراتتى ، مەغلۇبىيەتكە ئوقۇلغان مەرسىيە يۈرىكىمنى قاقشاتتى .

سەن ئارقىلىق «ئوغۇزنامە»نى — مەشھۇر قەھرىمانلىق داستان-

[1] بۇ نەسىرنىڭ ئاپتورى ئەخمەت ئىمىن . «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىل 1- سانىدىن ئېلىندى .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

نى ئوقۇدۇم . ئوغۇز خاقانىنىڭ «ئاتلان !» دەپ نەرە تارتىشلىرى يۈرىكىمنى لەرزىگە سالدى ، جەڭ تۇلپارلىرىنىڭ تاشقا تەگكەن تۇياق-لىرىدىن چاچرىغان ئۇچقۇن كۆزۈمنى چاقناتتى .

سەن ئارقىلىق «ئالتۇن يارۇق»نىڭ نېمىلىكىنى ئۇقتۇم . بېش-بالىقلىق تىلشۇناسىمىزنىڭ تاۋغاچ تىلىدىن ئۆرۈگەن بۇددا ھېكايىلى-رى مېنى گۈزەل بىر ئەپسانە دۇنياسىغا باشلاپ باردى . بۇگۈنكى ئىدىقۇت خارابىسىگە قاراپ ئۆتمۈشتىكى ئاجايىپ بىر سەلتەنەتنى كۆز ئالدىمغا كەلتۇردۇم .

سەن ئارقىلىق «ئىككى تىگىننىڭ ھېكايىسى»مۇ ، «چاشتانى ئىلىگ بەگنىڭ ھېكايىسى»مۇ قەلب سەھىپەمگە نەقىشلەندى . مەن ئۇلارنى ئانام ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكلەردەك زوق - ئىشتىياق بىلەن ئاڭلىدىم .

سەن ئارقىلىق «مائىترى سىمىت»تىن قەدىمكى بىر درامىنى كۆرۈش بەختىگە مۇيەسسەر بولدۇم ؛ مائىترىدىن مەسھگىچە ، مەسھ-دىن ئىمام مەھدىي ئاخىر زامانغىچە بولغان باغلىنىش مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى .

سەن ئارقىلىق «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئوقۇدۇم ، «قۇتادغۇ بىلىگ»نى ئوقۇدۇم ، قەدىمكى شېئىر - داستانلارنى ئوقۇدۇم ، نۇر-غۇن — بىباھا ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ئوقۇدۇم .

سەن ئارقىلىق «ئون ئىككى مۇقام»نى ئاڭلىدىم ، سەن ئارقىلىق «ئون ئىككى مۇقام»نى تونۇدۇم ، كۈي - مۇقام دېڭىزىدىكى ھېكمەت گۆھەرلىرى سەن ئارقىلىق ، پەقەت سەن ئارقىلىقلا ئۆز قىممىتىنى ، كارامىتىنى نامايان قىلدى .

شۇنداق ! ئانا تىلىم — پاراسەتلىك ، باتۇر ، ئەمگەكچان مىللى-تىمنىڭ تىلى ! سەن ماڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلدۈردۈڭ ، سەن ماڭا نۇرغۇن ھېكمەتنى سىڭدۈردۈڭ . سەنسىز مەن مەۋجۇدىيىتىمنى تە-سەۋۋۇر قىلالمايمەن ، سەنسىز مەدەنىيىتىمنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالماي-مەن .

ئەي ، ئانا تىلىم — ئانىلىرىم سۆزلىگەن تىل ، ئاتىلىرىم سۆزلى-

گەن تىل ، قان ـ قېرىنداشلىرىم سۆزلىگەن تىل ! سەن بالىلىرىمنىڭ تىلى ، سەن ھەممىمىزنىڭ تىلى ! ھەممىمىزنىڭ تىلى سەن بىلەن ، پەقەت سەن بىلەن چىققان .

ئاتامنىڭ «قارا ، بالام» دېگەنلىرىدىن مەن خۇددى تەرەپنى پەرق قىلىدىغان كومپاسقا ئېرىشىمەن .

ئانامنىڭ «ئويلا ، بالام» دېگەنلىرىدىن مەن خۇددى قاراڭغۇلۇقنى يورۇتىدىغان مەشئەلگە ئېرىشىمەن .

جانانىمنىڭ «بېقىڭ ، جېنىم» دېيىشلىرىدىن مەن گويا چاڭقىدىغان يۈرەكنى سۇغىرىدىغان بۇلاققا ئېرىشىمەن .

بالامنىڭ «مانا ، دادا» دېيىشلىرىدىن مەن گويا مېنى كۆككە ئۆرلىتىدىغان قاناتقا ئېرىشىمەن .

ھەر جۈملەڭدە بىر ھېكمەت ، ھەر جۈملەڭدە زور قىممەت .
ھەر جۈملەڭكى بىر سەنئەت ، ھەر جۈملەڭدە زور رىغبەت .
شۇنداق ، سەن مەن ئۈچۈن قۇۋۋەت ، سەن مەن ئۈچۈن قۇدرەت .
سەن مەن ئۈچۈن سۆلەت ، سەن مەن ئۈچۈن دۆلەت !

ئۇيغۇرۇمنىڭ ئۆزگىچىلىكى دۇنيادا سەن بىلەن نامايان بولۇپ تۇرىدۇ . سەن گويا ئىنسانىيەت تىل دېڭىزىغا قۇيۇلۇپ تۇرغان بىر دەريا . ئىنسانىيەت دېڭىزىنىڭ شاۋقۇنلىرىدا سېنىڭ پىچىرلاشلىرىڭ بار ، ئانا تىلىم !

جاھان گۈلىستانىدا تۈمەن مىڭ قۇش ناۋا قىلىدۇ ، سەنمۇ ئۇنىڭدا ئۆزگىچە سايراۋاتقان بىر قۇش . سېنىڭ سايرىشىڭدىن باشقىلارمۇ زوق ۋە بەھرە ئالىدۇ .

ئىنسانىيەت سىمفونىيىسى پۈتكۈل ئىنساننىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن مۇكەممەللىككە ئېرىشكەن . ئۇنىڭدا سېنىڭمۇ ئۆزگىچە ياڭرايدىغان كۈيۈڭ بار .

ئانا تىلىم ، سەن بىر گۈل . ھەر خىل تىلنى ھەر خىل گۈلگە ئوخشاتقانغا ئوخشاش ، مەنمۇ سېنى بىر گۈلگە ئوخشىتىمەن . گۈلزار بىر خىل گۈل بىلەنلا رەڭدارلىققا ئىگە بولالمايدۇ . جاھان گۈلزارىنىڭ رەڭدارلىقىدا سېنىڭمۇ بىر ئۈلۈش جىلۋەڭ بار .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئانا تىلىم — ئانام بەرگەن تىل ! مەن سېنى ئانام قەدىرلىگەندەك قەدىرلەيمەن ، ئانامنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلەيمەن . ئانامنى قەدىرلىگىنىم ئانىلارنى قەدىرلىگىنىم ، ھەممە ئىنسانىنىڭ ئانىلىرىنى قەدىرلىگىنىم ! ئاشۇ ئانىلارنى ئۇلۇغلاۋاتقىنىمۇ مېنىڭ تىلىم ، مېنىڭ مۇشۇ ئانا تىلىم !

3 . ئانا تىلنى سۆيۈش ، ئانا تىلنى قەدىرلەش ، ئانا تىلنى ئۇلۇغلاش ھېسسىياتىڭىزنى ئىپادىلەپ پىكىر بايان قىلىڭ . كوچا ـ كويلاردىكى خاتا ، ئۆلچەمسىز يېزىلغان سۆز ـ جۈملىلەردىن مىسال كەلتۈرۈپ سۆزلەڭ . نەسردىكى ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئۆزلەشتۈرۈپ ، سىزگە ياققان جۈملىلەردىن بىر ـ ئىككىنى تېپىپ چىقىڭ .

## 6 . تۇمارىس[①]

كاسپى دېڭىزىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى قۇشلارمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدىغان بىپايان چۆل - قىرلاردا ماسساگىتلار ياشايدىكەن . ئىران پادىشاھى كەيخىسراۋ ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى بېسىۋالماقچى بولۇپ ، سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ …

ئۇ زامانلاردا ماسساگىتلارغا تۇمارىس دېگەن ئەقىللىق ، دانا بىر ئايال باش بولۇپ تۇرغانىكەن . كەيخىسراۋ تۇمارىسنى ھىيلە بىلەن ئۆزىگە بويسۇندۇرماقچى بوپتۇ ، ئۇ تۇمارىسنىڭ ئېرىنىڭ ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغانىكەن . شۇڭا ، ئۇنى ئۆزىگە خوتۇن قىلىۋېلىش يولى بىلەن ماسساگىتلارنىڭ يېرىگە ئىگە بولۇش پىلانىنى تۈزۈپتۇ . شۇ مەقسەتتە ئۇ ، تۇمارىسقا سوۋغىلار بىلەن ئەلچىلەر ئەۋەتىپتۇ . غۇرۇرلۇق ھەم زېرەك تۇمارىس مەككار پادىشاھنىڭ قارا نىيىتىنى سېزىپتۇ . پادىشاھقا خوتۇن ئەمەس ، بەلكى ماسساگىتلار يۇرتى كېرەكلىكىنى بىلگەچكە ، ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلماپتۇ . كەيخىسراۋ ھىيلە - نەيرەڭ بىلەن ئىش پۈتمىگەنلىكىنى كۆرۈپ ، ئەسلىي مەقسىتىنى ئوچۇق ئېيتىپتۇ ھەمدە قوشۇن تارتىپ ئارساك دەرياسى تەرەپكە يۈرۈش قىلىپتۇ . ئۇ كۆپلىگەن سال - كېمە ياسىتىپ ، بىھېساب قوشۇنى ۋە قورال - ياراغلىرىنى ئۇنىڭغا

① بۇ رىۋايەت «ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە - رىۋايەتلىرى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

قاچىلاپ ، دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقىغا ئۆتكۈزۈش چارىسىنى قىلىپتۇ .




تۇمارىس ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىدىن خەۋەردار ئىكەن ، تېزلىك بىلەن كەيخىسراۋغا چاپارمەن ئەۋەتىپ شۇ سۆزلەر-نى يەتكۈزۈپتۇ : «ھەي ھىيلە-گەر ، ماختانچاق پادىشاھ ! بۇ نىيىتىڭدىن قايت ، چۈنكى قى-لىۋاتقان بۇ ئىشلىرىڭدىن ئۆ-زۈڭگە پايدا ياكى زەرەر تېگىش-نى بىلمەيسەن . تىنچ ۋە ئاسا-يىشلىق بىلەن ئۆز يۇرتۇڭغا ھۆكۈمرانلىق قىل ، بىزنىڭ يۇرتىمىزنى ئۆزىمىزگە قويۇپ بەر . ئەمما ، بىز بىلىمىز-كى ، سەن تىنچلىقنى خالىمايسەن ، شۇ سەۋەبلىك بۇ مەس-لىھەتلىرىمىزگە كىرمىسەڭ ، ماسساگېتلار بىلەن تونۇ-شۇشنى خالىساڭ ، كۆۋرۈك ياسايمەن ، دەپ ئاۋارە بولۇپ ئولتۇرما . بىزگە ئېيتساڭ ، بىز ساڭا دەخلى قىلماي دەريا-دىن ئۈچ كۈنلۈك يىراق يولغا كۆچۈپ كېتىمىز ، بىمالال دەريادىن ئۆتىسەن ، ئۇنىڭدىن كېيىن يۈزمۇيۈز ئۇرۇشى-مىز . ئەگەر بىز بىلەن دەريانىڭ ئۆزۈڭ تۇرغان قىرغىقىدا ئۇرۇشماقچى بولساڭ ، ئۇنى ئېيت ، بۇنىڭغا ھەم بىز رازى ، پەقەت نامەردلىك قىلغۇچى بولما ! »

بۇ دادىل گەپلەرنى ئىشىتىپ ، كەيخىسراۋ ساراسىمىگە چۈشۈپتۇ ، مەخپىي ھالدا ئۆز سەركەردىلىرىنى توپلاپتۇ .

ئۇلارنى ۋەقەدىن خەۋەردار قىلىپ مەسلىھەت سوراپتۇ. كۆپچىلىك تۇمارىسنى ئىرانغا كەلتۈرۈپ جەڭ قىلىش پىك-رىگە كەپتۇ ... پەقەت قەھرى قاتتىق ۋەزىرى — لىدىيلىك كرىز بۇ پىكىرگە قارشى چىقىپتۇ، تۇمارىسنىڭ ئىلىدە ئۇرۇش ئېچىشنى تەلەپ قىلىپ، يوليورۇقلار كۆرسىتىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن كەيخىسراۋ تۇمارىسنىڭ قىرغاقتىن ئۇزاقلىشىشىنى سوراپ، دەريانىڭ ماسساگىتلار تۇرغان بې-تىدە ئۇرۇش قىلىشنى بىلدۈرۈپتۇ. تۇمارىس ۋەدىسىدە تۇرۇپ، ئۈچ كۈنلۈك يول بېسىپ نېرى كېتىپتۇ. كەي-خىسراۋ ئۆز قوشۇنى بىلەن دەريادىن ئۆتۈپتۇ.

كەيخىسراۋ ۋەزىرى كرېزنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ماسسا-گىتلارغا قارشى ھىيلە تۈزۈشنى قۇرۇپتۇ: نازۇنېمەت ۋە ئىچكۈلۈكلەرنى تەييارلاپ، ئەڭ ناچار ئەسكەرلىرىدىن بىر توپنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئەڭ ياخشى ئەسكەرلىرى بىلەن ئالدىغا يۈرۈپ كېتىپتۇ. ماسساگىتلار قوشۇنىنىڭ بىر تو-پى — ئۈچتىن بىر قىسمى كەيخىسراۋ قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسكەرلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قىرىپ تاشلاپتۇ. كېيىن، ماسساگىتلار سورۇن تۈزۈپ، تەييار نازۇنېمەت ۋە شارابلاردىن بېشىنى كۆتۈرمەي بولۇشىچە يەپ - ئىچىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئىران قوشۇنلىرى قايتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆلتۈرۈپتۇ، بەزىلىرىنى ئەسىر قىلىۋاپتۇ. ئەسىرلەر ئىچىدە ماسساگىتلار قوشۇنىغا باش بولۇپ كەل-گەن تۇمارىسنىڭ ئوغلى سىپارگانىزمۇ بار ئىكەن.

تۇمارىس بۇ ۋەقەدىن خەۋەردار بولۇپ، كەيخىسراۋغا چاپارمەن ئەۋەتىپتۇ ھەمدە شۇ سۆزلەرنى ئېيتىپتۇ: «ئەي قانخور كەيخىسراۋ! قىلغان ئىشىڭ بىلەن ماختانماي قوي.

بىزگە ئەجدادلىرىمىز ھىيلە ـ مىكىر بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى ئەمەس ، باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى ئۆگەتكەن . سەن مېنىڭ ئوغلۇمنى جەڭدە يۈزمۇيۈز يەڭگىنىڭ يوق ، ئۇنى مەككارلىق بىلەن شاراب ئىچۈرۈپ قولغا چۈشۈردۈڭ . ئۇزۇمدىن ياسالغان بۇ يارىماس ئىچىملىكنى ئىچكەندىن كېيىن سىلەرگە ئوخشاش ئادەملەرنىڭ مېڭىسى ئايلىنىپ ، ئاغزىدىن شادى كىرىپ ، بادى چىقىدۇ . ئەمدى مېنىڭ مەسلىھەتىمگە كىر . ئوغلۇمنى ماڭا تاپشۇرۇپ ، زىيان ـ زەخمەتسىز كەلگەن يېرىڭگە قايتىپ كەت . ماساگېت قوشۇنىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى قولغا چۈشۈرگىنىڭ بىلەن ئۆزۈڭچە كېرىلىپ كەتمە . ئەگەر سۆزۈمگە كىرمىسەڭ ماساگېتلار تەڭرىسى — قۇياش نامى بىلەن قەسەمياد قىلىمەنكى ، مەن سەندەك ئاچ كۆز قانخورنى قان بىلەن سۇغىرىمەن . »

كەيخىسراۋ تۇمارىسنىڭ بۇ سۆزلىرىگە قىلچە ئېتىبار قىلماپتۇ . تۇمارىسنىڭ ئوغلى سپارگانىز ئەتىسى ھوشىغا كېلىپ ، ھەممە ۋەقەلەردىن خەۋەردار بوپتۇ . كىشەندىن بوشىتىشنى كەيخىسراۋدىن يالۋۇرۇپ سوراپتۇ . تەلىپى بەجا كەلتۈرۈلۈپ ، قول ـ ئايىغى كىشەندىن ئازاد قىلىنىپتۇ . ئەمما ، ئۇ قىلغان خاتاسىغا پۇشايمان يەپ ، نومۇس كۈچىدىن ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈپتۇ.

تۇمارىس كەيخىسراۋغا نەسىھەتلەر كار قىلمىغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ . بارلىق كۈچلىرىنى توپلاپ ئاتلىنىپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بېسىپ بېرىپتۇ . جەڭ باشلىنىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، كۆچمەنچى ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر شۇنىڭغىچە مۇنداق قاتتىق جەڭنى زادى كۆرمىگەنىكەن . دەسلەپ ھەر

ئىككى تەرەپ قوشۇنى بىر - بىرىگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل تۇ-
رۇپ ، يالىرىدىن تىنماي ئوق ياغدۇرۇپتۇ . كېيىن ، ئوق-
دانلاردا ئوق تامام بولۇپ ، ئەسكەرلەر بىر - بىرى بىلەن
قوچاقلاشما جەڭگە چۈشۈپتۇ . نەيزىۋازلىق ۋە قىلىچۋازلىق
تازا قىزىپتۇ . جەڭ ئىنتايىن ئۇزاق داۋام قىلغان بولسىمۇ ،
ھېچكىم جەڭ مەيدانىنى تاشلاپ چىقىپ كەتمەپتۇ . ئەڭ
ئاخىر ماسساگىتلار يېڭىپ چىقىپتۇ ، ئۇلار ئىران قوشۇنى-
نىڭ كۆپىنى قىرىپ تاشلاپتۇ . بىر كەم ئوتتۇز يىل پادى-
شاھلىق تەختىدە دەۋران سۈرگەن كەيخىسراۋنى ئۆلتۈرۈ-
شۈپتۇ .



تۇمارىس جەڭ تۈگىگەندىن كېيىن يوغان بىر تۇلۇمنى
قان بىلەن تولدۇرۇشنى ، كەيخىسراۋنىڭ مۇردىسىنى ئۆ-
لۈكلەر ئارىسىدىن كەلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ . كەيخىسراۋنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆلۈكى تېپىپ كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تۇمارىس ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ قان بىلەن تولغان تۇلۇمغا پاتۇرغان ۋە جەسىتىگە قاراپ غەزەپ ـ نەپرەت بىلەن شۇ سۆزلەرنى ئېيتقانىكەن:

«ئەي نامەرد، سەن مېنى، يەنى سېنى جەڭدە مەردانە يېڭىپ چىققان بىر ئايالنى مەككارلىق بىلەن ئوغلىدىن جۇدا قىلىپ، پەرزەنت داغىدا كۆيدۈردۈڭ. سەن ئۆمرۈڭ بويى قانغا تويمىدىڭ. مەن ئىچكەن قەسىمىمگە ئەمەل قىلىپ سېنى قان بىلەن سۇغاردىم. بىراۋنىڭ يۇرتىغا زوراۋانلىق بىلەن باستۇرۇپ كىرگەنلەرنىڭ جازاسى شۇ!»

كەيخىسراۋ ئۆلۈمىنىڭ قىسسىسى ئەنە شۇنداق ئىكەن.

## كۆنۈكمە

1. تۇمارىس بىلەن كەيخىسراۋنىڭ خاراكتېرىدە قانداق پەرق بارلىقىنى ھېس قىلدىڭىز؟

2. تۇمارىسنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ قانداق خىسلىتىنى تونۇپ يەتتىڭىز؟

3. قەھرىمانلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك مەزمۇنىدىكى ماقال- تەمسىللەردىن بىرنەچچىنى تېپىپ يېزىپ ئوقۇڭلار.

# *7. ئۇنتۇلماس بىر دەرس

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، مەن تەيۋەندىكى دېڭىز نەقلىيات ئىشلىرى شىركىـ تىنىڭ پاراخوتىدا ئىشلىدىم.

بىر قېتىم، پاراخوتىمىز گاۋشيوڭ پورتىدا توختىدى. مەن قىرغاققا چىقىپ، شەھەر رايونىنى كېزىپ ئۆتۈپ، سىرتقا قاراپ ماڭدىم. قانچىلىك ماڭغانلىقىم ئېسىمدە يوق، ئالدى تەرەپتە ئاق تام بىلەن قورشالغان، دەرۋازىسى سىرتىغا بىر قاتار دەرەخ تىكىلگەن يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىـ گە كۆزۈم چۈشتى.

مەكتەپ هويلىسىدا جىمجىتلىق هۆكۈم سۈرەتتى، مەن دەرسخانىلارنىڭ بىرىگە يېقىن بېرىپ، دېرىزىدىن تەيـ ۋەنلىك ياش ئوقۇتقۇچىنىڭ بالىلارغا ۋەتىنىنىڭ يېزىقىنى ئۆگىتىۋاتقانلىقىغا نەزەر سالدىم. ئۇ بور بىلەن قارا دوسكىـ غا دانە- دانە قىلىپ مۇنۇ سۆزلەرنى يېزىۋاتاتتى.

مەن جۇڭگولۇق، مەن جۇڭگونى سۆيىمەن!

ئۇ خەتلەرنى ناهايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن يازاتتى، لېكىن قىينىلىپ يازاتتى. تەيۋەن «قايتۇرۇۋېلىنغان» دىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلارمۇ ۋەتەن يېـ زىقىنى يېڭىۋاشتىن ئۆگەنگەنىدى.

ئارقىدىنلا، ئۇ ئاۋۋال جەنۇبىي فۇجيەن تەلەپپۇزى بىلەن، ئاندىن يەنە تازا راۋان سۆزلىيەلمەيدىغان دۆلەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تىلى بىلەن تەكرار ـ تەكرار ئۆگەتتى . باللارمۇ ئاۋۋال جەنۇبىي فۇجىيەن تەلەپپۇزى بىلەن ، ئاندىن ئۆزلىرى تازا پىششىق بىلمەيدىغان دۆلەت تىلى بىلەن تەكرار ـ تەكرار ئوقۇدى . ئوقۇتقۇچى ۋە باللار شۇقەدەر جىددىي ، ئەستايىدىل ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇقەدەر ھېسسىياتقا باي ئىدى . گويا ھەربىر ھەرپ ، ھەربىر تاۋۇش ئۇلارنىڭ چوڭدەك ۋە سەممىي يۈرىكىدىن چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى .

مېنى بۇ تەسىرلىك مەنزىرە ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى . مەن يۇكسەك ئېھتىرام بىلەن ئاستا ئارقا ئىشىكتىن دەرسخانىغا كىرىپ ، ئەڭ ئاخىرقى قاتاردىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردۇم ۋە باللار بىلەن بىرلىكتە ھېلىقى ئوقۇتقۇچىغا ئەگىشىپ ، ئۇنلۇك ۋە بىر تەكشى ھالدا تۆۋەندىكى سۆزلەرنى تەكرار ئوقۇدۇم :

مەن جۇڭگولۇق ، مەن جۇڭگونى سۆيىمەن !

ئوقۇتقۇچى ۋە باللار مېنى بايقىدى ، لېكىن ھېچكىممۇ ھەيران قالمىغاندەك كۆرۈنەتتى . ئاشۇ جۈپ ـ جۈپ كۆزلەردىن ئۇلارنىڭ مېنى قارشى ئالغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى . دەرس داۋاملىشىۋاتاتتى ، ھەممەيلەن تېخىمۇ غەيرەتلىنىپ ئوقۇۋاتاتتى .

دەرستىن چۈشكەندە ، باللار مېنى ئورىۋالدى .

ئوقۇتقۇچىمۇ يېتىپ كېلىپ ، مېنىڭ بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى .

— مەن دۆلەت تىلىنى ياخشى سۆزلىيەلمەيمەن ، ئەمدىلەتىن ئۆگىنىۋاتىمەن . بىلىدىغانسىز ، ياپونلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ، بىز ھەممىمىز ياپونلار ئاچقان مەكتەپتە ئوقۇغان ، شۇڭا دۆلەت تىلىنى ياخشى سۆزلىيەل-

مەيمىز !

— مېنىڭچە، سىز بۈگۈنكى دەرسنى ئىنتايىن ياخشى ئۆتتىڭىز ! تازا ھېسسىياتلىق ئۆگەتتىڭىز، بالىلارمۇ چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئۆگەندى ...

ئۇ مېنىڭ پاراخوتتا ئىشلەيدىغانلىقىمنى ئۇقۇپ، مېنى ئۆزلىرىنىڭ كىچىك زالىنى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى .



زال دېگىنى كەڭرەك بىر ئېغىز ئۆي ئىكەن . ئۇ ماڭا تارىختا ئۆتكەن ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ يېڭىدىن سىزىلغان بىر نەچچە سۈرىتىنى كۆرسىتىپ، مۇنداق دېدى :

— ئىلگىرى بۇ يەردىكى سۈرەتلەرنىڭ ھەممىسى ياپونلارنىڭ ئۇلۇغ ئادەملىرىنىڭ سۈرەتلىرى ئىدى، ھازىر «قايتۇرۇۋېلىندى» ، شۇڭا ئۆزىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئادەملىرى سىزىلدى .

مەن تامدا كۇڭزى، جېڭ چېڭگۇڭ، سۇن جۇڭشەننىڭ سۈرىتى، شۇنىڭدەك ئۇچىسىغا رەمنىڭ سەككىز سىمۇۋوللۇق بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن پەرىجە كىيگەن جۇگې لياڭنىڭمۇ سۈرىتى بارلىقىنى كۆردۈم . سۈرەتلەرگە قارا - قارا، كۆزلىرىمگە ياش ئەگىگەنلىكىنى تۇيماي قاپتىمەن . بۇ نەقەدەر يارقىن مىللىي روھ، ۋەتەنگە بولغان نەقەدەر چوڭقۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇھەببەت ـ ھە !

مەن تەيۋەنلىك بۇ ياش ئوقۇتقۇچىنىڭ قولىنى چىڭ سىقتىم ، لېكىن بۇ چاغدىكى ھېسسىياتىمنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلىگۇدەك ، ئۇ بايا باللارغا ئۆگەتكەن ھېلىقى ئەڭ ئاددىي سۆزدىن ئارتۇق يەنە قانداق سۆز بارلىقىنى ئويلاپ يېتەلمىدىم :

مەن جۇڭگولۇق ، مەن جۇڭگونى سۆيىمەن !

## كۆنۈكمە

1 . تېكىستنى ئىچىڭىزدە ئوقۇپ ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ :

1 ) ھېلىقى تەيۋەنلىك ياش ئوقۇتقۇچى باللارغا ۋەتەن يېزىقىنى قانداق ئۆگەتتى ؟ «مەن» مۇ نېمە ئۈچۈن باللار بىلەن بىرلىكتە ئۆگەندى ؟

2 ) زالنىڭ تېمىدىكى جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن ئۇلۇغ زاتلارنىڭ يېڭى سىزىلغان رەسىملىرىنى كۆرگەندە ، «مەن» نىڭ كۆزىدە نېمە ئۈچۈن ياش ئەگىدى ؟

3 ) «مەن جۇڭگولۇق ، مەن جۇڭگونى سۆيىمەن» دېگەن بۇ جۈملە قانچە يەردە تەكرارلانغان ، ھەر قېتىمقىسى قانداق ئەھۋال ئاستىدا يېزىلغان ؟

2 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭ ، ئۇلاردىكى ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىڭ ، ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە دىققەت قىلىڭ .

1 ) ئوقۇتقۇچى ۋە باللار شۇقەدەر جىددىي ، ئەستايىدىل ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ قەدەر ھېسسىياتقا باي ئىدى .

گويا ھەربىر ھەرپ ، ھەربىر تاۋۇش ئۇلارنىڭ چوغدەك ۋە سەمىمىي يۈرىكىدىن چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى .

2 ) ئىلگىرى بۇ يەردىكى سۈرەتلەرنىڭ ھەممىسى ياپونلارنىڭ ئۇلۇغ ئادەملىرىنىڭ سۈرەتلىرى ئىدى ، ھازىر «قايتۇرۇۋېلىندى» ، شۇڭا ئۆزىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئادەملىرى ئېسىلدى .

3 ) مەن تەيۋەنلىك بۇ ياش ئوقۇتقۇچىنىڭ قولىنى چىڭ سىقتىم ، لېكىن بۇ چاغدىكى ھېسسىياتىمنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلىگۈدەك ، ئۇ بايا بالىلارغا ئۆگەتكەن ھېلىقى ئەڭ ئاددىي سۆزدىن ئارتۇق يەنە قانداق سۆز بارلىقىنى ئويلاپ يېتەلمىدىم .

3 . بىر مىللەتنىڭ تىل ـ يېزىقىغا بولغان قەدىرلەش ھېسسىياتىنى قانچىلىك دەرىجىدە ھېس قىلغانلىقىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ .

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئۈچىنچى مەشىق

1 . تۆۋەندىكى تەرتىپى قالايمىقان بىرنەچچە ئابزاسنى تەرتىپى ئېنىق بىر پارچە ئەسەرگە ئايلاندۇرۇڭ .

مەن ئۇيقۇمدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام ، ئالەم كېمىسىدە ئەمەس ، بەلكى كارىۋاتتا يېتىپ-تىمەن . مەن بىر تىنىۋالدىم ، يۈرىكىم تېخىچە دۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇراتتى . ئايىنىڭ نۇرى دېرىزىدىن ئۈستەلگە چۈ-شۈپ ، ئۈستەل ئۈستىگە قويۇلغان ، مەن تۈنۈگۈن سېتىۋال-غان ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايە — «ئالەم سەپىرى خاتى-رىسى» دېگەن كىتابنى يورۇتۇپ تۇراتتى .

مەن ئاخشام بىر چۈش كۆرۈپتىمەن ، چۈشۈمدە ئالەم كېمىسىدە ئولتۇرۇپتىكەنمەن ، بىر راكېتا مېنى ئالەم بوش-لۇقىغا كىرگۈزۈپتىمىش .

ئالەم كېمىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قارىسام ، ئۇ يەر يەر شارىنىڭ چېتى ئىكەن ، ئۇنىڭ ئۈستىنى ئىس – تۈتۈنگە ھەم نېپىز تۇمانغا ئوخشايدىغان بىر قەۋەت كۆكۈچ شەپەق نۇرى قاپلىۋاپتىمىش .

ئالەم بوشلۇقىنىڭ مەنزىرىسى ئىنتايىن چىرايلىق ئى-دى . يۇقىرىغا قارىسام ، ئاسمان كۆك ئەمەس ، قارا پەردىگە ئايلىنىپ قاپتۇ ، ئۇ قارا پەردە ئۈستىدە ، سان – ساناقسىز كۆزلەر ماڭا تىكىلىپ تۇرغاندەك ، غۇجچىدە يۇلتۇزلار چاق-

ناپ تۇراتتى . قۇياش سول تەرەپتە يەككە ـ يېگانە توختاپ قاپتۇ ، ئۇ خۇددى ئوت شارغا ئوخشاش ، كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان نۇر چاچاتتى .

ئۇشتۇمتۇت ، ئالەم كېمىسى ، زاپچاسلىرى ئىشلىمەس بولۇپ قېلىپ ، هاۋا بوشلۇقىدىن تۆۋەنگە يۇمىلاپ چۈشۈپ كەتتى ، مەن ئالەم كېمىسىدىكى نەچچە يۈزلىگەن كۇنۇپكىلارغا قاراپ ، قايسىسىنى بېسىشىمنى ئۇقالماي ، تەمتىرەپ ، تىت ـ تىتچىلىقتا : «قۇتقۇزۇڭلار !» دەپ ۋارقىرىۋېتىپتىمەن .

2 . ئوقۇتقۇچى هېسسىياتلىق ئوقۇپ بەرگەن شېئىرنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىڭ .

3 . ئەتراپىڭىزدا يۈز بەرگەن بىرەر ئىش ـ ۋەقەنى يېزىڭ ، ئاۋۋال مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئويلىنىۋېلىپ ، ئاندىن تەرتىپ بويىچە يېزىڭ ، هېسسىياتنى هەقىقىي ئىپادىلەشكە ، سۆز ـ جۈملىلەرنى لايىقىدا ، مۇۋاپىق ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىڭ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 8 . ئارتىس بولۇش چۈشىنىڭ بەربات بولۇشى



ئاندېرسون

ئاندېرسون دۇنيادىكى داڭلىق يازغۇچى . ئۇ «چۆچەك پادىشاھى» دەپ شۆھرەت قازانغان .

ئاندېرسون 1805 ـ يىلى دانىيىدە دۇنياغا كەلگەن . كىچىك ۋاقتىدا يازغۇچى بولۇشنى ئويلاپمۇ باقمىغان ، ئۇ ئارتىس بولۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن . بىر كۈنى ئون تۆت ياشلىق ئاندېرسون ئانىسىغا :

— ئانا ، مېنىڭ ئارتىس بولغۇم بار ، — دېدى .

— نېمە ؟ — دېدى ئانا بالىسىغا چەكچىيىپ ، چۆچۈگەن ھالدا ، — مۇمكىن ئەمەس !

ئاندېرسون ئانىسىغا چۈشەندۈردى ، بىراق ئانىسى قۇلاق سالمىدى . ئۇ سالپايغان ھالدا ئانىسىنىڭ قېشىدىن چىقىپ كەتتى .

گەرچە ئانىسى قوشۇلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئاندېر-سوننىڭ ئارتىس بولۇش خىيالى بارغانچە كۈچەيدى. ئۇ بوش ۋاقىت تاپسىلا ئىشكنى تاقىۋېلىپ ناخشا ئېيتاتتى، ئۇس-سۇل ئوينايتتى ياكى سەھنە سۆزلىرىنى يادلايتتى. ياخشى نىيەتلىك بىر تۇل ئايال ئۇنىڭغا «شېكىسپېر تراگېدىيىلە-رى» دېگەن كىتابنى تەقدىم قىلدى. ئاندېرسوننىڭ گۈلقە-قەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ دائىم ئانىسىنىڭ شارپىسىنى ئورىۋېلىپ، ئۆيدە شېكىسپېر دراملىرىدىن ئارىيە ئورۇن-دايتتى. كۆرۈمسىز بالىنىڭ قىلىپ يۈرگەن قىلىقلىرىغا قوشنىلارنىڭ ئىچى پۇشاتتى، ئۇلار: بۇ بەتبەشىرە بالىغا جىن تەگكەن ئوخشايدۇ، دېيىشەتتى.

ئانىسى ۋە ئۆگەي دادىسى ئاندېرسوننىڭ قۇرامىغا يې-تىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەمدى ئۇ ئىشلىشى كېرەك، دەپ ئويلاپ، ئۇنى شاگىرتلىققا ئاپىرىپ بەردى. ئاندېرسون قەتئىي قوشۇلمىدى. ئۇ قەتئىي ھالدا:

— مەن ئارتىس بولىمەن! — دېدى.

شۇ يىلى يازدا، پايتەخت كوپېنھاگېندىن بىر دراما ئۆمىكى ئويۇن قويغىلى كەلدى. ئۇلارغا بىرنەچچە ئاممىۋى رولغا چىقىدىغان ئارتىس لازىم بولۇپ قالدى. تونۇش-بىلىشلىرى ئۇلارغا ئاندېرسوننى تونۇشتۇردى. ئاندېرسون بەكلا خۇشال بولۇپ، رولنى ئوبدان ئېلىشقا تىرىشتى. بۇنى كۆرگەن ئارتىسلار ئۇنىڭغا ئەتەي چاقچاق قىلىپ:

— شاكىچىك، سەن كوپېنھاگېنغا بېرىپ، ئۇردا دراما ئۆمىكىگە كىرسەڭ بولغۇدەك، دېيىشتى. بۇ گەپ ئاندېر-سونغا يېقىپ قالدى، ئۇ پايتەختكە بېرىشنى كۆڭلىگە پۈك-تى.

1819 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئاندېرسون ئۆزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يالغۇز كوپېنھاگېنغا كەلدى . ئۇ ئالدى بىلەن داڭلىق ئۇسسۇلچى سارى خانىمنىڭ ئۆيىگە باردى . ئۇ ئۆيگە كىرگەندە ، خىزمەتكار ئۇنى تىلەمچىمىكىن دەپ قالدى . ئۇ نۇرغۇن ياخشى سۆز قىلىپ يۈرۈپ ، مىڭ بىر جاپادا ئاندىن سارى خانىم بىلەن كۆرۈشەلىدى . ئاندېرسون شەپكىسىنى ئېلىپ داپ قىلىپ چېلىپ ، سارى خانىم ئالدىدا زوق - شوق بىلەن ئويۇن كۆرسەتتى . ئۇ ھەۋەس بىلەن ناخشا ئېيتتى ، ئۇسسۇل ئوينىدى . لېكىن ، ئۇ سارى خانىمنىڭ كۆزىگە زادىلا ياقمىدى . ئۇ ئويۇنى تۈگىشى بىلەنلا ھەيدەپ چىقىرىلدى .

ئاندېرسون ئوردا تىياتىر ئۆمىكىنىڭ دىرېكتورىنىڭ ئۆيىگە باردى ، ئارتىس بولماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى .

دىرېكتور ئاندېرسونغا سەپسېلىپ :

— بەك ئورۇق ئىكەنسىز ، تەقى - تۇرقىڭىز ئارتىسلىققا يارىمايدىكەن ، — دېدى .

— بۇنىڭ چارىسى ئوڭاي ، — دېدى ئاندېرسون تەلۋەدەكلا ، — ماڭا يۈز كرونا① بەرسىڭىز ، دەرھال تاماق يەپ سەمرىيمەن .

دىرېكتورنىڭ ئەرۋايى ئۇچتى . ئۇ بۇ بالىنىڭ ئەقلى جايىدا ئەمەس ئىكەن دەپ ئويلاپ قالدى - دە ، ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدى .

ئاندېرسون ئۈمىدسىزلەندى . ھېچ ئامالى قالمىغان ئادېرسون بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن دەپ ، ئىتالىيىلىك ناخشىچى ، پروفېسسور سىبونىنىڭ ئائىلىسىگە ئۇسۇپ كىردى . پروفېسسور بۇ نامرات بالىنى دوستانە كۈتۈۋالدى ۋە

---

① كرونا — دانىيىنىڭ پۇل بىرلىكى .

بىرەر ناخشا ئېيتىپ بېقىڭ ، دېدى . ئاندېرسون ھاياجانلاندى . بىر ناخشىنى ھېسسىيات بىلەن خېلىلا ياخشى ئېيتتى . پروفېسسور نەق مەيداندىلا ئىپادە بىلدۈرۈپ ، ئۇنى شاگىرتلىققا ئېلىپ قالدى . ئەمما ، بىرنەچچە ئايدىن كېيىن ئاندېرسوننىڭ ئاۋازى بوزۇلدى . پروفېسسور ئاۋاز جەھەتتە ئىستىقبالى يوق ئاندېرسوننى ئېلىپ قېلىشنى خالىمىدى . ئاندېرسون بۇ يەردىن قايتىپ ئۇسسۇل مەكتىپىگە باردى . بۇ چاغدا ئۇ ئون ئالتە ياشقا كىرىپ قالغانىدى .

ئۇسسۇل مۇئەللىمى ئاندېرسوننى پۇت - قولى كالامپاي ، ئۇسسۇلچى بولالمايدۇ ، دەپ قارىدى . ئاندېرسون نائىلاج كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا ئۇسسۇل مەكتىپىدىن ئايرىلدى .

شۇ چاغدا بىر ئاق كۆڭۈل ئادەم ئاندېرسوننى داڭلىق بىر ئارتىس قېشىغا ئېلىپ بېرىپ ، ئاندېرسوندا ئارتىس بولغۇدەك ئىقتىدار بار - يوقلۇقىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئۆتۈندى . تەجرىبىلىك بۇ ئارتىس ئاندېرسوننىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ تەھلىل قىلغاندىن كېيىن سەمىمىي ھالدا :

— بۇ بالا ئارتىسلىققا لايىق ئەمەس ، — دېدى .

ئاندېرسوننىڭ ئارتىس بولۇش چۈشى تەلتۆكۈس بەربات بولدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭدا ئەدەبىيات ساھەسىدە چوقۇم نەتىجە يارىتىمەن ، دېگەن نىيەت پەيدا بولدى . راست دېگەندەك ، ئۇ ئاخىر بۇ ساھەدە ئۇتۇق قازاندى . ئۆزىنىڭ گۈزەل ، رومانتىك چۆچەكلىرى بىلەن «دۇنيانىڭ چۆچەك ئاتىسى» دېگەن مەڭگۈلۈك نامغا نائىل بولدى . بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادا ئۇنىڭ چۆچىكىنى ئاڭلىمىغان ، ئوقۇمىغان بالىلار يوق دېيەرلىك .

www.uyghurkitap.com

## كۆنۈكمە

1 . ئاندېرسوننىڭ ئارتىس بولۇش چۈشى باشقىلار قوللاپ - قۇۋۋەتلىمىگەچكە بەربات بولدىمۇ ياكى ئۇنىڭدا ئارتىس بولالايدىغان تەبىئىي تالانت يوق بولغاچقا بەربات بولدىمۇ؟ ئۆز قارىشىڭىزنى سۆزلەپ ، ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن مۇنازىرىلىشىپ بېقىڭ .

2 . ئاندېرسوننىڭ بالىلىق ھاياتىدىن قانداق ساۋاق ئالدىڭىز ؟

3 . ئاندېرسون چۆچەكلىرىنى سۆزلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈڭلار .

4 . ئاندېرسوننىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئوقۇڭ .



# 9 . ئۈجمە سايىسى[1]

بۈرۈن بىر يېزىدا بىر باي بولغانىكەن . بازارغا ئۆتىدىغان چوڭ يول ئۈستىدە ئۇنىڭ يوغان بىر هويلىسى ، ئىشىك ئالدىدا ناهايىتى چوڭ بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخى بار ئىكەن . دەرەخنىڭ سايىسى چۈش ۋاقىتلىرىدا يولغا ، هويلىغا ۋە هويلىنىڭ كەڭ شادىلىق ئايۋانلىرىغا چۈشۈپ تۇرىدىكەن . دېھقانلار ۋە يولۇچىلار ئىسسىق كۈنلەردە هېرىپ ـ ئېچىپ كېلىپ ، شۇ ئۈجمە سايىسىدە هاردۇق ئېلىپ ئۆتمەكچى بولسا ، باي چىقىپ :

— ماڭ ، كەت ، باشقا يەرگە بېرىپ سايىداش ... — دەپ قوغلايدىكەن .

شۇ يېزىدا ئەپچىلەم دېگەن بىر يىگىت بولۇپ ، ئۇ يىگىت باينىڭ ئاشۇنداق پەسلىك ، پىخسىقلىقىغا غەزەپلىنىپتۇ . ئۇ : «قانداق قىلساق دەردىمىز چىقار ؟» دەپ ئويلاپ ـ ئويلاپ «كۈلۈپتۇ» ، قورساققا بىر ئىش پۈكۈپتۇ ، لېكىن قورسىقىدىكى ئاچچىقىنى چىقارغۇچە ، كۆز ئۆتۈپ قىش كەپتۇ ، كەلگەندىمۇ قاتتىق كەپتۇ . «قىش ئۇچقى تار ، قوپ ئۆيۈڭگە بار» دېگەندەك ، ئاغىنىلىرى بىلەن مورا ئوچاق ئالدىدا مۇڭداشقۇدەكمۇ ياكى بىرەر دەردىنىڭ سىرىنى ئاچقۇدەكمۇ بولالماپتۇ . ئۇ ياققا يۈگۈرۈپ بېقىپتۇ ، بۇ ياققا

---

① «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» دېگەن توپلامدىن ئېلىندى .

يۇگۈرۈپ بېقىپتۇ، جاڭگالدىن تۇغراق تۇشۇپ سېتىپتۇ، ئۆۋاقلىرىنى ئەكېلىپ ئوچاققا يېقىپتۇ، شۇنداق قىلىپ ئاتا- ئانىلىرىنى بېقىپتۇ.

قورساقلار تارتىشىپ پەي بولغاندا، سۆگەكلەردە يىلىك تۈگەپ نەي بولغاندا ئەتىياز كەپتۇ. باللار چېچەك تېرىشىپ ئويناپتۇ، ئېتىزلاردا مۆگۈلۈق ناخشا، تىرىكچىلىك قايناپتۇ. چۈغلۇقلار ئېچىلىپ، كاككۇك سايراپتۇ. ئەپچىلەم ئېتىز يوللىرىدا ئاغىنىلىرى بىلەن تېپىشىپ بىر تۈگۈنگە كېلىشىپ كۆڭلى ئامان بوپتۇ. ئاندىن بىر كۈنى مۇنۇ ناخشىنى ئېيتىپ شەھەرگە راۋان بوپتۇ:

بازار يولى يىراق يول،
تومۇزدا باللا يىغلايدۇ.
سايىدا ياتاي دېسەڭ،
بايلار چىقىپ قوغلايدۇ.

بۇ ئالەمنى كەڭ دەيدۇ،
بىلەلمىدۇق زادىلا.
ئالىقانچىلىك يەر تۇرماق،
يېتەلمىدۇق سايىغا.

ئەپچىلەم ماڭا - ماڭا قاق چۆشلەر بىلەن ھېرىپ - ئېچىپ، تەرگە پىشىپ، ھېلىقى باينىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئۇلىشا - ئۇلاشمايلا ئىتلىرى قاۋاپتۇ. «ئۇھ!» دەپ ئۈجمە سايىسىغا ئۆزىنى تاشلىشىغا باي چىقىپ تۇۋلاپتۇ:

— ھەي گاداي، ئەمدى سەن نەدىن پەيدا بولدۇڭ، ئۆت

بۇياققا !

— باي ئاكا ، بۇ كۆپچىلىك ئۆتىدىغان يول ئۇستىغۇ ؟

— يول كۆپچىلىكنىڭ بولغان بىلەن ئۇجمىنىڭ سايىسى مېنىڭ .

— بىر ئاز دېمىمنى ئېلىۋالغۇچە ئۇجمىلىرىنىڭ سايىسى تۇگەپ قالماس .

— تۇگەپ قالسا بولامتى ئەمىسە ؟ ئۇجمە ئۆستۇرۇپ بەرگەندەك گەپ قىلىسەنغۇ . بىلەمسەن ، بۇ ئۇجمىنىڭ ھەربىر يوپۇرمىقى بىر ئاق تەڭگىگە توختىغان ! ...

— بۇ گەپچە ، مەن پۇلىنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇۋېتىپتىمەن - دە ؟

— توغرا ، لېكىن پۇلىنىڭ سايىسىدا باي ئۆزى ئولتۇرىدۇ . مەن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قويااي ، ئەگەر پۇلۇڭ بولسا سەنمۇ ئولتۇرىسەن .

— پۇلۇم بولسا ئولتۇرامدىم ؟

— ھە ، ئەلۋەتتە .

— ئۇنداق بولسا ، ئۇجمىلىرىنىڭ سايىسىنى ساتامىلا ؟

— چوڭ سۆزلىمەي ، يولۇڭغا ماڭساڭ بولارمىكىن !

— پۇلنىڭ چوڭ سۆزلىتىدىغانلىقىنى ئۆزلىرى بىلەمىلا ؟

— ......

باي دۇدۇقلاپ قاپتۇ ۋە پۇلنى ئويلاپ جىم بوپتۇ . قۇلاقلىرى دىڭ بوپتۇ . ئاخىر تاقەت قىلالماي تىلى سۆزگە كەپتۇ ، سۆزگە كەلگەندىمۇ ، ئاۋۋال باھاغا — پۇلغا كەپتۇ .

ئەپچىلەم :

— سودا ئىشى ئاسان ئەمەس ، سىلىمۇ ئىمام - مەزىن-

www.uyghurkitap.com

لىرىنى قىچقارسىلا . مەنمۇ بىر ـ ئىككى ئاغىنەمنى قىچقىـ
راي ، خەت ـ مۆھۈر قىلىشايلى ... — دەپتۇ .

باي :

— گېپىڭ راست بولسا ، سەن توختىمامسەن ، ئاۋۋال باھاسىنى كېلىشەيلى ، ئاندىن ئۇچىدىن بىرنەرسە بەر . قالغان ئىشلار بولسا ئاسان ... — دەپتۇ .

ئۇياقتا تارتىشىپ ، بۇياقتا تارتىشىپ ئاخىر ئۇجمە سايىسىنىڭ باھاسى 400 كۈمۈش تەڭگىگە توختاپتۇ . ئۇچىدىن 50 تەڭگە بېرىپ ، ئورنىغا بايدىن تىلخەت ئېلىپ ، ئەپچىلەم ئاغىنىلىرىنى قىچقارغىلى مېڭىپتۇ .

باينىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ ، «خۇدا ئۇرغان ئەخمەقنى ئەمدى باي ئاكاڭنىڭ ئۇرغىنىنى كۆر ! مۇنداقمۇ ئولجا بولارمۇ ... » دەپتۇ ـ دە ، موللامغا كىشى يۇگۇرتۇپتۇ . ئارقىدىن «توختا !» دەپتۇ ، كۆڭلىدە «بۇنى كىشىلەر بىلمىسۇن ، ئىش بۇزۇلمىسۇن ، موللامنى توغرىلاش ئۇچۇن ، ئۆزۈم بېرىشىم كېرەك» دەپ ، ئۆزى يۇگۇرۇپتۇ .

ئەتىسى بۇلار يىغىلىپتۇ ، ئىمامىمۇ باي ئاكاملار بىلەن ماقۇللىشىۋېلىپ ، مۆھۈرنى يالاپ ئولتۇرۇپتۇ . ئەپچىلەمۇ روزىمەتكە ئوخشاش بىر ـ ئىككى ئاغىنىسىنى باشلاپ ، ئالدىن تەييارلىۋالغان سۆزلىرىنى دىللىرىغا پۈكۈپ ، جايلىۋالغان پۇللىرىنى بەللىرىگە تۈگۈپ يېتىپ كەپتۇ .

موللام :

— ئەلۋەدۇ مىنەل ئىمان① ، بىزلەر بولساق شاھىت ... — دەپ قەغەزگە بارمىقىنى بېسىشقا باشلاپتۇ .خەتنىڭ بېشىغا «تەخىيى بىر مىڭ ، ئېشىكى ئۈچ يۈز ، توقۇمى ئون توق-

① ئەلۋەدۇ مىنەل ئىمان — ۋەدىدە تۇرۇش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر .

قۇز ، ماھى سەپەر قوشنىسىدا ، باي غوجامنىڭ ھويلىسىدا» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر ، ئاندىن «مەنكى سەلەي باي ھويلامنىڭ كوچا پاسىلىدىكى چوڭ ئۆجمىنىڭ سايىسىنى ئەپچىلاخۇنغا ئۈز ئىختىيارىم بىلەن ھازىر مەجلىس ئالدىدا 400 كۇمۇش تەڭگىگە ساتتىم ، تاكى ئۇجمە قېرىپ يوقالغۇچە ئۇنىڭ سايىسىدىن ئەپچىلاخۇن ۋە ئۇنىڭ ئۆي ـ ئائىلىسىدىكىلەر ، ھەتتا ئاغىنە ، خىش ـ ئەقرىبالىرىمۇ ھەرقاچان ، ھەرزامان بىمالال پايدىلىنىدۇ . مۇبادا بۇنىڭغا پېقىر ۋە ئەۋلادىم نارازى بولۇپ دەۋا قىلسا ، يۇرت شەرئى ئالدىدا دەۋاسى باتىل بولغاي» دېگەن گەپلەر يېزىلىپتۇ . ئاخىرىغا ساتقۇچى ، ئالغۇچى ۋە گۇۋاھ ـ شاھىتلار قول قويۇپتۇ .

ئىمام :

— مۇبارەك بولغاي ، ئەپچىلاخۇن ! سىلىدەك ماكانسىز بىر ئادەمنىڭ باي غوجامنىڭ ئىشىكى ئالدىدا مۇنچىلىك مۇلۇككە ئىگە بولغانلىرى خۇدانىڭ چوڭ ئىلتىپاتى . سىلىنىڭ باشلىرىغا ئۇجمىنىڭ سايىسى ئەمەس ، باي غوجامنىڭ سايىسى چۈشتى ... — دەپ مۆھۈر ھەققى ئېلىپ ، قوينىغا سېلىپتۇ . مەزىناخۇنۇممۇ قۇرۇق قالماپتۇ . ئۇلار باي غوجامدىن قانچىلىك مۆھۈر ھەققى ئالدى ، بۇنىسى مەلۇم ئەمەس . ئىش قىلىپ توختام «پۈتۈپتۇ» ، ھەممەيلەن ئۆيلىرىگە كېتىپتۇ . كۈندىن ـ كۈنگە ھاۋا ئىسسىپتۇ . ئەپچىلەم بازارغا باراردا ۋە ياناردا ھېلىقى ئۇجمىنىڭ سايىسىغا كېلىپ بەخىرامان ئېغىنايدىغان ، سايىدا راۋاب چېلىپ ئوينايدىغان ، ئاغىنىلىرى قوشۇلۇپ ناخشا توۋلايدىغان بوپتۇ .



باي چىقىپ :

— نېمە ۋاراڭ - چۇرۇڭ بۇ ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ .

ئەپچىلەم :

— ئۇجمە سايىسى ئاكاڭ قارىغايىنىڭ ، ياغىچى باي غوجامنىڭ ، — دەپ پەرۋا قىلماي جاۋاب بېرىپتۇ .

باي : «پىيازنىڭ پوستى كۆپ ، ئەخمەقنىڭ دوستى دېگەندەك ، بۇ كاساپەتنىڭ ئەۋلادى ئىتنىڭ قۇرتىدەك كۆپ ئىكەن» دەپتۇ ، لېكىن ھېچكىمنى قوغلىيالماپتۇ . ساقىلىنى چىشلەپ ئۇخلىيالماپتۇ .

ئارىدا باي پالتىسىنى ئاچىقىپ ، ئۇجمىنى كېسىپ تاشلىماقچى بوپتۇ . ئاچچىقىغا پايلىماي ئۇرۇلغان پالتا ئىدىزىدىن كەمتۈك بولۇپ قالغان سايىنى تۆلەپ بېرىشكە تاس-تاس قاپتۇ . باي تېخىمۇ جىلە بولۇپ ھەسرەت يۇتۇپتۇ .

بىر كۈنى باي ئايۋاندا سىستىق كىكىرىپ سوزۇلۇپ ياتسا ، ئەپچىلەم ئاغىنىلىرى بىلەن ئىشەكلىرىنى يېتىلە-شىپ ، باينىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەپتۇ .

— ۋاي ، نېمە گەپ بۇ ؟ — دەپتۇ باي تېرىكىپ .

— تەقسىر ، سايىمىز ھويلىغا كىرىۋاپتۇ . شۇنى ئىز-دەپ كىردۇق ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپچىلەم ۋە ئىشەك-لىرىنى سايىغا قوزۇق قېقىپ باغلاپ ، چاپانلىرىنى يېشىپ تاشلاپ ، خاتىرجەم ئولتۇرۇشۇپتۇ … باي «ھىم» دەپ ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بوپتۇ .

بىر كۈنى باينىڭ خوتۇنلىرى ئوسما قويۇشۇپ ئولتۇر-سا ، باينىڭ باللىرى ھويلىغا يىغلاپ كىرىشىپ كەپتۇ . ئاغىچا خېنىملار سۇپىلارغا پۈتلىشىپ يىقىلىپ قوپۇپ ، شۇنداق چىقسا ، باللىرى يۈزلىرىنى تاتىلاپ ، يەرگە يې-تىپ ، ئۆلگۈدەك ھۆكىرەك ئېيتىپ يىغلاۋاتقۇدەك .

— ۋاي ئالتۇن قوزىلىرىم ، نېمە بولدى ، كىم ئۇردى ؟— دەپ سوراپتۇ خېنىم .

باللار يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپتۇ :

ئۇجمە سايىسىدا ياتقان ئىشەكچىلەر : «سايىغا يېقىن كېلىشمە ، ھارىمىلار !» دېدى ، ھۆ … ھۆ ! ئۇجمىگە چىقىد-مىز دېسەك ، «سايە يوق يەردىن چىقىش» دېدى ، ھۆ -ھۆ - ھۆ ! دادام قېنى ؟ ھۆ … ھۆ !

— ۋاي بېشىڭنى يەيدىغان گادايلارەي … ئەمدى ئۆلۈپ-تۇق ! ھەممە گۇناھ تويماس يوھا[1] دا … پۇل دېسە بىزنىمۇ سېتىۋېتىشتىن يانمايدۇ . يىغلىماڭلار ، ئوبدان باللىرىم ، خەپ ! داداڭلار كەلسۇنچۇ ، نى ئات ، نى نومۇس ! — دەپتۇ

① يوھا — ئەجدىھا .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خېنىم .

تالادىكى راۋابنىڭ ئاۋازى ھويلىدىكى ۋالڭ ـ چۇڭنى بېسىپ چۈشۈپ تازا قىزىپتۇ ۋە ئۇزاقتىن كېيىن پەسىيىپ قاپتۇ .

بىر كۈنى باي ئېتىزدىن ئۆلگۈدەك ھېرىپ يىقىلاي دەپ كەپتۇ . ئۆزى تەرگە چۆمۈلۈپ ، يۈزلىرى ئېسىلىپ ، كالپۇكلىرى ئورۇس توخۇسىنىڭ بۆرنىدەك ساڭگىلاپ ، خىرىلداپ قاپتۇ . دەل شۇ باي كەلگەن ۋاقىتىدا ئۈجمىنىڭ سايىسى دەرۋازىغا چۈشكەن چېغىكەن ، باي دەرۋازىغا قاراپ ئېتىنى دېۋىتىپ شۇنداق كېلىشىگە ، ئەپچىلەم :

— توختىسىلا باي ئاكا ، پۇل كىمنىڭ بولسا ، سايىدىن شۇ ئۆزىلا ئۆتىدۇ ... — دەپتۇ . باي ئاران زۇۋانغا كەلسىمۇ ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتالماي قاپتۇ . باي ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ چىقسا ، يولۇچىلار يىغىلىپ زاڭلىق ئىچىدە قېلىشتىن قورقۇپ :

— ئەمىسە ، مەن ئۆز پۇلۇمنىڭ سايىسىدىن ئۆتىمەن . قانچە پۇل ئالىسەن؟ تېز گەپ قىل ! — دەپتۇ .

ئاڭغىچە بازاردىن قايتقانلارمۇ بۇ يەرگە يىغىلىپ كەپتۇ . ئەپچىلەم :

— 50 تەڭگە ، — دەپتۇ .

باي يولدا كېلىۋاتقان خەقلەرنى كۆرۈپ ، ئىچىدە ئىشىنىڭ ئەپلەشمەيۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ :

— 50 تەڭگىنى ھازىر ئاچىقىپ بېرىمەن ، — دەپ ئاتنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ ، چوڭچىلىق بىلەن ھويلىسىغا كىرىپ ، پۇلنى ئېلىپ چىقىپ بېرىپتۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئەپچىلەمنىڭ مۆھۈر ھەققىگە كەتكەن پۇلى تۆلىنىپتۇ .

ئەمما ، باي شۇنىڭدىن كېيىن دائىم مۇنداق چوڭ چىد-قىملارنى تۆلىمەسلىك ئۈچۈن ، دەرۋازىغا چۈشكەن سايىدىن ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بىمالال ئۆتۈۋېرىشى ئۈچۈن يەنە 50 تەڭگە بېرىپ ، ئۇ سايىنى ئاران ئىختىيارىغا ئېلىۋاپتۇ . «ئەقىللىق» باينىڭ ئېسىگە «ئەخمەق»لەرنىڭ يەنە قانداق كارامەتلىرى بارلىقى كەلمەپتۇ .

بىر بازار كۈنى ، باي شەھەرلىك ئەل - ئاغىنىلىرىنى چايغا قىچقىرىپتۇ ... مېھمانلار داستىخاننى شادلىق ئايۋانغا — كوچىدىكى يوغان ئۈجمىنىڭ سايىسى چۈشكەن سۇپىغا يۆتكەپ ، تېخى ئەمدىلا ياسىن پولۇنىڭ ئۈستىگە يېقىلاي دەپ تۇرغاندا ، بىرنەچچە كىشى ئېشەكلىرىنى يېتىلىشىپ ، چورۇقلىرىنى سۆرىشىپ كىرىپ كەپتۇ ...



ئەپچىلەم ۋە روزىمەتلەرنىڭ نېمىگە كەلگەنلىكىنى بايقىغان باي سۇپىدىكى سايىغا بىر قاراپ قېتىپ قاپتۇ . ئاسمانغا قاراپ ئالىيىپتۇ ، بوغدىيەكلىرى لىپىلداپ قاپتۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ ئىشلارنىڭ تەكتىنى بىلمىگەن مېھمانلار ھەيران قاپتۇ، بايغا قاراپ كۇلۇشكىلى تاس قاپتۇ. مېھمان بايلار-دىن بىرى بۇ كەلگەنلەر باينىڭ مالايلىرى بولسا كېرەك، دەپ:

— قېنى، سەلىياخۇن، ماۋۇ چورۇقۋايلارغا بىرنەرسە دېمەمدىلا، ئېشەكلىرىنى نېرى تارتىشسۇن! تۇگىتەلمەيۋات-قان قەرزلىرى بارمۇ يە؟! نېمانچىۋالا گەپ قىلالماي قې-تىپ قالىدىلا؟! — دەپتۇ. باينىڭ بېشى بىر پىرقىرىغاز-دەك بولۇپ يەنە ئېسىگە كەپتۇ ۋە ئەپچىلەمگە:

— خۇدا ھەققى، ھەر ئىش بولسا كېيىن سۆزلىشەي-لى، قېنى، سىلەرمۇ مېھمان، ئاۋۇ يەردە ئولتۇرۇڭلار، سىلەرگىمۇ داستىخان سالسۇن ... — دەپتۇ. روزىمەتلەر:

— باي ئاكاملارنى نەدە مېھمان قىلسىلا قىلسىلا، بىز سىلىدىن داستىخان سېتىۋالمىدۇق ... — دەپتۇ ۋە ئېشەك-لىرىنى سېتىۋالغان سايە چۈشكەن شادىلارغا باغلاپتۇ، چا-پان - چورۇقلىرىنى سۇپىنىڭ سايە چۈشكەن يەرلىرىگە تاشلاپتۇ. مېھمان بايلار:

— ئاش ھارام بولدى ... — دېيىشىپ نېرى كېتىپتۇ. ئەپچىلەم:

— ئاش ھارام بولسىغۇ چاغلىق گەپ، لېكىن بىزنىڭ 400 تەڭگىلىك سايىمىز ھەرقايسىلىرىنىڭ «ئاستىدا» قې-لىپ ھارام بولغىنى تېخىمۇ يامان بولدى، — دەپ سىرنى ئېچىپ تاشلاپتۇ. ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپتۇ. روزىمەت-لەر بوش كەلمەپتۇ ... مېھمانلار بىر تەرەپتىن ئىچىدە: «ھە، بىزگە چوڭ سۆزلەيدىغان سەلەيباي، كارامىتىڭ ئاش-كارا بولدىمۇ؟» دەپتۇ ئۆچىنى ئالغاندەك قىلىپ، بايغا

بولۇشقىلىمۇ پېتىنالماپتۇ ، بىر ـ بىرلەپ شەھەرگە قاراپ قۇيرۇقىنى تىكىپتۇ . باينىڭ گەجگىسى تارتىشىپ ، ئۆيىگە كىرىپ يىقىلىپتۇ ...

ئەپچىلەملەر سايىدا بىردەم ھاردۇقلىرىنى ئېلىشىپ ، ئۆيلىرىگە كېتىپتۇ .

بۇ ۋەقە ئەمدى شەھەرگە يېتىپتۇ ، قۇلاقتىن ـ قۇلاققا تاراپ كېتىپتۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەپچىلەملەر شۇ بازار كۈنى مۆھۈر خەتتىن بىرنى كۆچۈرتۈپ ، بازاردىكى چوڭ مەس- چىتنىڭ ئالدىغا چاپلاپ قويغانىكەن ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش خەلقئالەمگە پۇر كېتىپتۇ .

ئەمدى باي ھېچ يەرگە بارالماي ماراپ يېتىپتۇ . ئۆت- كەن- كەچكەنلەرنىڭ :

چېقىر ئۇجمە سايىسىنى ،
ئاق تەڭگىگە ساتقان باي .
ھويلىسىدىن چىقالماي ،
چاشقان بولۇپ ياتقان باي .
......

دېگەن ناخشىسىدىن تويۇپتۇ . شۇنداق بولسىمۇ ، كۈنلەر ئاستا ـ ئاستا ئۆتۈپ ، «گاداي»لار بىر ئاز جىمىققاندەك تۇيۇلۇپتۇ .

بىر كۈنى كېچىدە باي ئۆلگۈدەك ئۇخلاۋاتسا ، ئۆگزىدە گۇپۇر ـ گۇپۇر ئاۋازلار ، بىردەمدىن كېيىن ناخشا ، راۋاب- لارنىڭ ساداسى ئاڭلىنىپتۇ . باي مەڭدەپ ھويلىغا چىقسا ، ئىتى بىر نەرسىنى غاجاپ ياتقان ، بايغا قاراپمۇ قويماپتۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىن
www.uyghurkitap.com

ئۆيگە كىرسە خوتۇنلىرى ئاھانەت قىلىپ ئارام بەرمەپتۇ . باي شوتىغا يامىشىپ چىقىپ قارىسا ، ئەپچىلەم ئاغىنىلىرى بىلەن ئولتۇرغۇدەك . ئۇلار سۇتتەك ئايدىڭدا ئۆگزىنى بې-شىغا كىيىپتۇ . باي شوتىدىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قاپتۇ ۋە ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ توۋلاپتۇ . ئەپچىلەم :

— بىز ئۆزىمىز سېتىۋالغان سايىدا ئولتۇردۇق . باشقا كىشىلەر يوق . كىرىپ ئۇخلاۋەرسىلە ، تەقسىر ، — دەپتۇ . باي چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ :

— مەن ئۇجمىنىڭ ئايدىڭدىكى سايىسىنى ساتمىغان ... — دەپ كاركىراپتۇ .

— چۈشەكەپتىلا تەقسىر ، ئۆيلىرىگە كىرىپ مۆھۆر خەتكە قاراپ باقسىلا ، «بىمالال» ، «ھەرقاچان ، ھەرزا-مان» دېگەن يەرلىرىنى ئوبدان ئوقۇسىلا ، — دەپتۇ . راۋاب بىلەن ناخشا يەنە قايناپتۇ .

باي ئۆيگە كىرىپ ئويلاپتۇ . لېكىن ، خوتۇنلىرى تاپا-تەنە بىلەن بېشىنى ئوچاق ئېتىپ ، ئويلىغىلى قويماپتۇ . شۇنداقتىمۇ يەنە ئويلاپ «ئەقىل» تېپىپ ، ئۆگزىگە يەنە چىقىپتۇ :

— ئەمىسە ، ئۇجمىنىڭ ئايدىڭدىكى سايىسىنى ئۆزۈمگە سېتىپ بەرسەڭلار ... — دەپتۇ باي . ئۇ لولىلىق قىلىپ يۈرۈپ ، ئۇجمىنىڭ ئايدىڭدىكى سايىسىنى مىڭ بالالىقتا 350 كۈمۈش تەڭگىگە سېتىۋاپتۇ . لېكىن ، ئەمدى ئۆزى تېخىمۇ «ئويغا» قاپتۇ . تالاغا چىقسا يۇرت - جامائەت ، رەقىبلىرىنىڭ دەردى ، ئۆيگە كىرسە ، بالا - چاقا ، رەپىقى-لىرىنىڭ دەردى ؛ زاڭلىق - مەسخىرە ، چىقىم ... باينىڭ جېنىغا تېگىپتۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە «گاداي»لارنىڭ بۈگۈن

كېچە بېشىغا چىقىۋالغانلىقى ، ئۈجمىسىنىڭ ئايدىڭدىكى سا-
يىسىنى سېتىۋېلىپ ، ئۇلارغا پۇل تۆلىگەنلىكى باينىڭ يۈ-
رەك - باغرىنى خۇن - خۇن قىلىۋېتىپتۇ .

«دەرەخنىڭ ئايدىڭدىكى سايىسى تالاغا تارالسا ، يەنە
نېمە گەپلەر بولۇپ كېتەر ، بۇ تېخى ئىشنىڭ باشلىنىشى»
ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەن باي ئۇزاققا قالماي ، يۈك -
تاقلىرىنى ئۇلاغلارغا ئارتىپ باشقا يۇرتقا كۆچۈپ كېتىپتۇ .

ئۈجمىنىڭ سايىسى خەلققە قاپتۇ . ئەپچىلەملەر بايدىن
دەردىنى ئەنە شۇنداق ئاپتۇ .

## كۆنۈكمە

1 . تۆۋەندىكىلەرنى مۇلاھىزە قىلىڭ ۋە چۈشەندۈرۈڭ :

1 ) بۇ چۆچەكتىكى ۋەقەلىك رېئال تۇرمۇشتا ھەقىقىي
بولمىغان ، لېكىن بۇ خىل ۋەقە ھەم ئىشلار رېئال تۇرمۇ-
شىمىزدا چۆچەكتە تەسۋىرلەنگەندەك بولمىسىمۇ ، لېكىن ،
ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە مەۋجۇت . بىلىش كېرەككى ،
پىخسىقلىق ، ئاچ كۆزلۈك ، پۇلغا ھەددىدىن ئارتۇق بېرى-
لىش كىشىنى ئادىمىيلىكتىن چىقىرىۋېتىدۇ . بۇ چۆچەكتى-
كى باي ئەنە شۇنداق ئادىمىيلىكتىن چىقىپ كەتكەن كىشى-
لەرنىڭ ۋەكىلى . ئۇ پۇل ئۈچۈن قانداق ئىش قىلدى ۋە
قانداق ئاقىۋەتكە قالدى ؟

2 ) باي ئەقىل بىلەن ئىش قىلدىم ، دەپ ماختىنىدۇ
ۋە بىرمۇنچە پۇلغا ئىگە بولغانلىقىغا خۇش بولىدۇ ، ئۈجمى-
نىڭ سايىسىنى سېتىۋالغان ئەپچىلەمنى ئەخمەق دەپ ھې-
سابلايدۇ ، قېنى ، كىمنىڭ ئەقىللىق ، كىمنىڭ ھەقىقىي

ئەخمەق ئىكەنلىكىنى مۇلاھىزە قىلىپ چۈشەندۈرۈڭ.

2. باينىڭ ئاچ كۆز، پۇلغا ئامراقلىقى ئاياللىرىنىڭ سۆزى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلگەن. چۆچەكتىن شۇ جايلارنى تېپىپ چۈشەندۈرۈڭ.

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭ:

تىلخەت، ئايۋان، مۇڭدىشىش، ئەۋلاد، تومۇز، ئالدىقانچىلىك، ئىختىيار



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 10 . پىلە قۇرتى

ماي ئېيىنىڭ باشلىرى ، تاغ بېشىدا پارقىراپ تۇرغان
كەچكى قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى باراڭنى قاراڭغۇلاشتۇ-
رۇپ تۇرغان ئۈزۈم يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ ، باراڭ
ئاستىدىكى كىچىككىنە شىرە ئالدىدا ئولتۇرغان ئايگۈلنىڭ
يۈزىنى يورۇتماقتا ئىدى . شىرەدە يېيىقلىق تۇرغان كىتاب
ۋارىقىغا چۈشكەن يۇمىلاق شولا بەئەينى بىر كۈمۈش تەڭگى-
دەك كۆرۈنەتتى .

ئايگۈل قىبرىندىشىنىڭ ئۈچىنى چىشلىگىنىچە خىيالغا
پاتقانىدى . يوغان ـ يوغان ئوتلۇق كۆزلىرىدە كىتابتىكى
بىر جۈملىگە مىختەك قادالغان ، نۇرلىنىپ تۇرغان مەڭزىمۇ
توغاچتەك قىزىرىپ كەتكەن ، پەقەت ئوغلاقنىڭ مۈڭگۈزى-
دەك دىڭگىيىپ تۇرغان ئىككى ئۆرۈم چېچىلا توختاۋسىز
تەۋرىنەتتى .

ئۇ ، كىتابتىكى ھېلىقى سىرلىق قۇرغا قانچە تىكىلسى-
مۇ كۆڭلىدىكى چىگىش سوئالىغا زادىلا جاۋاب تاپالمايتتى .
جاۋاب تاپالمىغانسېرى جىلە بولاتتى ، جىلە بولغانسېرى
پىكرى چېچىلاتتى .

بۇ يىل ئەمدىلا 11 ياشقا قەدەم قويغان ئايگۈل خېلى
ئەقىللىق چوڭ بولغانىدى . ئۇ ئۆزىگە ناتونۇش ، يات تۇيۇل-
غان نەرسە ۋە ھادىسىلەرگە يېپىشقىنى يېپىشقانىدى . يۈزى-
گە شامال ئۇرغاندا ، دادىسىدىن شامال ھەققىدە سوئال سو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رايىتتى . ياز ئاخشىمى كۆك گۈمبىزىگە قادالغان ئالتۇن مىختەك جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار كۆزىگە تاشلانغاندا بولسا ، مومىسىدىنمۇ ، ئانىسىدىنمۇ ، ئىشقىلىپ قېشىدا كىم بولسا ، شۇنىڭدىن يۇلتۇزلار توغرىسىدا بىرنېمىلەرنى سوراپ تۇرۇۋالاتتى .

بۈگۈن ئۈچىنچى سائەتلىك دەرس ۋاقتىدا تۇيۇقسىز بىر كېلىشمەسلىك يۈز بەردى . مۇئەللىم دەرس تېكىستىدە ئۇچرىغان «پىلە قۇرتى» توغرىسىدا ئوقۇغۇچىلارغا سوئال قويدى :

— ساۋاقداشلار ، پىلە قۇرتى دېگەن قانداق قۇرت ، پىلە قۇرتى توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىلەر ؟

سىنىپتا بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى ـ يۇ ، ھەممەيلەننىڭ كۆزى بىردىنلا ئوتتۇرا قاتاردا ئولتۇرغان ئايگۈلگە تىكىلدى . چۈنكى ، ئۇلار ئايگۈلنى ئۆزلىرى بىلمىگەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىدۇ ، دەپ ھېسابلىشاتتى . يەنە نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ داڭقى بار پىلە قۇرتى بېقىش تېخنىكى ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار ئىدى .

ئايگۈل قولىنى كۆتۈرمەكچى بولدى ، بىراق «پىلە قۇرتى» دەپ ئاڭلىغىنى بىلەن پىلە قۇرتى توغرىسىدا ھېچنېمە بىلمەيدىغانلىقىنى بىردىنلا يادىغا ئېلىپ ، نىيىتىدىن ياندى .

ئۇ ئوقۇتقۇچىنىڭمۇ ، ساۋاقداشلىرىنىڭمۇ ئۈمىدىنى يەردە قويدى . مۇھىمى ، ئۆزىنىڭ بىلىمىنى كۆپچىلىككە تەقدىم قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدى . مۇئەللىم پىلە قۇرتى ھەققىدە ئانچە ـ مۇنچە بىرنەرسىلەرنى ئېيتىپ بەرگەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ سۆزى قۇلىقىغا كىرمىدى . ئۇ دەرس-

تىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى جىرىڭلىشى بىلەنلا سىنىپتىن يادىن ئايرىلغان ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى ـ دە ، يۈگۈرگەن پېتى ئۆيىگە كېلىپ ھېلىقى تېكىستنى ئالدىغا يايدى ...

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن ، ھويلا دەرۋازىسى «تاراق» قىلىپ ئېچىلدى ـ دە ، ئايگۈلنىڭ ئاپىسى ئايخان كىرىپ كەلدى . ئۇ ھويلىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك ئولتۇرغان قىزىنى كۆرۈپ ، ئادەتتىكى- دەك ئەركىلەتمەكچى بولۇپ :

— ئاپئاق قىزىم ، قارا سېنى ، ئاپاڭنىڭ ئالدىغا چى- قىپ ، سۆيۈپ قويايمۇ دېمەيسىنا ! — دېدى ۋە كەلگەنچە ئايگۈلنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئولتۇردى .

ئايگۈل ئاپىسىغا ئەركىلىمىدى ، ئەكسىچە كۆزىنى ئۇ- ۋۇلاپ ، بېشىنىمۇ كۆتۈرمىدى .

بۇ ھال ئايخاننى ئالدىرىتىپ قويدى . ئۇ قىزىنىڭ ئاپئاق قوللىرىنى ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاجراتتى ـ دە ، كۆز جىيەكلىرىنىڭ قىزىرىپ ، قاپاقلىرىنىڭ ئىششىپ كەتكىنى- نى كۆرۈپ :

— قىزىم ، نېمە بولدى ، سېنى بىرى بوزەك قىلدىمۇ يا ؟ — دېدى ھولۇققان ھالدا .

ئايگۈل يەنە ئۈندىمىدى ، قوللىرىنى ئاپىسىنىڭ قولى- دىن تارتىۋېلىپ ، كۆزىنى ئۇۋۇلاۋەردى ، كۆزلىرىدىن تەپ- چىپ چىققان ياش بىردەمدىلا قولىنى ھۆل قىلىۋەتتى .

— قىزىم ، زادى نېمە ئىش بولدى ؟ تاپشۇرۇقتىن تۆۋەن نومۇر ئالدىڭمۇ ، يا مۇئەللىمدىن تەنقىد ئاڭلىدىڭمۇ ؟

ئايگۈلنىڭ كۆزىنى كۇچەپ ئۇۋۇلاۋېتىپ ، تۇيۇقسىز : «قۇرت ـ قۇرت» دەپ ۋارقىرىشى ، قىزىنىڭ ئۈندىمەي

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى www.uyghurkitap.com

يىغلاۋېرىشىدىن قانداقتۇر ئەندىشىلەر قايىنىمىغا غەرق بولـ
غان ئايخان تەئەججۇپلەنمەي قالمىدى . ئاڭغىچە ئايگۈل ئاپىـ
سىنىڭ مۈرىسىدە بىر سوزۇلۇپ ، بىر تۇگۈلۈپ ئۆمىلەپ
يۈرگەن ئىككى تال ئاپئاق قۇرتنى ئاپىسىغا كۆرسىتىپ
ئۈلگۈردى .

— قورقما قىزىم ، قورقما ، بۇ ئادەم چاقىدىغان قۇرت
ئەمەس ، بۇ پىلە قۇرتى ، يىپەك قۇرتى ...

ئايخان قىزىنى بۇ پىلە قۇرتلىرىنى ئالا قۇرت دەپ خاتا
چۈشىنىپ ، قورقۇپ كەتكەن بولسا كېرەك ، دەپ ئويلىدى
ۋە مۈرىسىدىكى قۇرتنى ئۈرۈپ چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولدى .

چىرايىدىكى خاپىچىلىق نەلەرگىدۇر غايىب بولغان ئايـ
گۈل بىردىنلا جىددىيلەشتى ـ دە :

— ئاپا ، بۇ قۇرتلارنى ئۇرما ، ئۇنى ماڭا بەر ، بولامـ
دۇ ؟ — دېدى ۋە ئاپىسىنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ ، كۆزلىرىـ
گە تەلمۈردى .

— بوپتۇ قىزىم ، بۇ قۇرتلارنى ساڭا بەردىم ، — دېدى
ئايخان كۈلۈپ تۇرۇپ ، — بىراق شۇنىمۇ دەۋالاي . قۇرتلار
بىرلا مىدىرلىسا جېنىڭ چىققۇدەك قورقۇپ ، ۋارقىراپ ـ
جارقىراپ يۈرمە جۇمۇ !

گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن ئايگۈل يۈگۈرگەن پېـ
تى بېرىپ ، هويلىنىڭ بىر تەرىپىدە كۆكىرىپ تۇرغان
ئۈجمە دەرىخىدىن بىر تال يوپۇرماق ئۈزۈپ كەلدى ۋە پىلە
قۇرتى بېقىش ئۆيىدىن ئاپىسىغا يامىشىپ كەلگەن ئىككى
تال قۇرتنى ئاۋايلاپ ئېلىپ يوپۇرماق ئۈستىگە قويدى . ئۇ
بۇلتۇر ئاپىسىغا ئەگىشىپ پىلە قۇرتى باققان يەرگە بارغاندـ
دا ، ئۇ يەردە مانا مۇشۇنداق قۇرتلارنى كۆرگەن ۋە بۇنداق

قۇرتلارنىڭ ئۇجمە يوپۇرمىقى بىلەن بېقىلىدىغانلىقىنى ئاڭ-لىغۇالغانىدى .

شۇنداق قىلىپ ، ئايگۈل مەكتەپتىكى كۆڭۈلسىزلىك ھەققىدە ئاپىسىغا بىر ئېغىزمۇ تىنمىدى ، بۇ قۇرتلارنى ئۆز قولى بىلەن بېقىپ ، پىلە قۇرتىنىڭ بېقىلىش جەريانىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ باقماقچى بولدى .

ئايگۈل دەرھال ھەربىكەتكە كېلىپ ، ھويلىدا تاشلىنىپ ياتقان بىر سېۋەتنى تېپىپ كەلدى ، سېۋەتكە ئۇجمە يوپۇر-ماقلىرىنى يېيىتىپ ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھېلىقى قۇرتلارنى جايلاشتۇردى . ئاپىسىنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە سېۋەت-نى ئىسسىقمۇ ئەمەس ، سوغۇقمۇ ئەمەس ، كۈن نۇرى تىك چۈشمەيدىغان ئىچكىرىكى ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئورۇنلاش-تۇردى . ئۇنىڭ پەرىزىچە ، بۇ بۇلۇڭنىڭ تېمپېراتۇرىسى 15 گرادۇس ئەتراپىدا ئىدى . ھارارەتمۇ ، نەملىكمۇ ئاپىسى ئېيتىپ بەرگەن ئۆلچەم دائىرىسىدە ئىدى .

ئارىدىن ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۆتۈپ كەتتى . ئىككى قۇرت بىلىنەر ـ بىلىنمەس چوڭىيىپ قالدى . تېرىسىنىڭ رەڭگى-مۇ ئاچ قارا رەڭدىن بوز رەڭگە ئۆزگەرگىلى تۇردى . بو-غۇملىرى بارغانسېرى روشەنلىشىپ ، بوغۇم ئارىلىقلىرى ئۆزىراشقا باشلىدى . ئايگۈل مەكتەپتىن كەلدىمۇ ، ئالدى بىلەن ئۇجمە دەرىخىدىن يېڭى ، پارقىراق يوپۇرماقلارنى ئۈزۈپ ، سولىشىپ قالغان يوپۇرماقلار ئۇستىدە ئۆمىلەپ يۈرگەن قۇرتلارغا تاشلاپ بېرەتتى . ئۇ قۇرتلارنىڭ كونا يوپۇرماقلاردىن يېڭى يوپۇرماقلارغا قانداق ئۆتۈشىنى ، كۆز بىلەن پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان ئاغزى بىلەن يوپۇرماقلارنى يەپ ، ھەرە چىشىدەك ھالغا كەلتۈرۈشلىرىنى قانغۇچە تاماشا قىلاتتى ـ دە ، قورسىقى تويۇپ ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ، خۇددى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرەر تىۋىش ئاڭلاۋاتقاندەك جىم بولۇپ قالغان قۇرتلار بىلەن خوشلىشىپ ، تاپشۇرۇق ئىشلەشكە تۇتۇش قىلاتتى . ئەتىگىنىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپلا يۇگۈرەيدىغىنى ئاشۇ بۇلۇڭ ئىدى .

ئايگۈل بىر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا قۇرتلىرىنىڭ يېنىغا كىردى ـ دە ، بىر قۇرتنىڭ ساماندەك سارغىيىپ ، ئارقا تەرىپىگە چاپلىشىۋالغان كىچىككىنە بىر تامچە سېرىق سۇنى سۆرەپ ، تەسلىكتە ئۆمىلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى . بۇ هال ئۇنىڭغا بەكمۇ غەيرىي ۋە ئېغىر تۇيۇلدى . ئۇ بىچارە قۇرتنىڭ قانداقتۇر بىر ئىپلاس كېسەل بىلەن ئازابلىنىۋاتقىنىنى ، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى پەملەپ قالدى . ئۇ نېمىلا بولمىسۇن ، قۇرتلىرىغا بىرقانچە تال يوپۇرماق تاشلاپ بەردى ـ دە ، هويلىغا چىقىپ شىرە ئالدىغا ئولتۇردى . تاپشۇرۇقنى ئىشلىگەچ ، ئاپىسىنىڭ يولىغا قارىغىلى تۇردى .

ۋاقىت تولىمۇ ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى . ئۇنىڭ كۆڭلىنى تامامەن ئىگىلەپ بولغان تەشۋىشلىرىمۇ ۋاقىتقا ئەگىشىپ چوڭايماقتا ئىدى ، كۆزى دەپتەردە بولسىمۇ ، كۆڭلى يەنىلا هېلىقى ئاپەت گىردابىغا يېقىنلىشىپ قالغان قۇرتتا ئىدى . نەزىرىدە ، ئۆزى ئەقلىگە كەلگەندىن بېرى پىلە قۇرتى بىلەن هەپىلىشىپ يۈرىدىغان ، مەهەللىمۇمەهەللە ئارىلاپ ، كىمىنىڭدۇر كېسەل تەگكەن قۇرتلىرىنى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ياردەم قولىنى سۇنىدىغان ئاپىسى ئۆز قىزىنىڭ بۇ قۇرتىنىمۇ قۇتۇلدۇرالايتتى .

ئايگۈل ئاپىسىنىڭ قارىسىنى كۆرە ـ كۆرمەيلا غەمكىن ئاۋاز بىلەن مۇراجىئەت قىلدى :

— ئاپا ، قۇرتۇمنىڭ بىرى ئاغرىپ قاپتۇ ، دەرهال

كىرىپ كۆرۈپ بېقىپ ، دورا بەرسەڭ بولاتتى !
ئايخان قىزىنىڭ چىرايىدىكى قايغۇ ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى ـ دە ، قىزىغا ئەگىشىپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى .



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئانا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ كۆرگىنى كېسەل تەگكەن ئاۋارە قۇرت ئەمەس، بەلكى كۆپكۆك بىر تال يوپۇرماق ئۈستىدە سۈنايلىنىپ ياتقان ئۆلۈك قۇرت بولدى. يەنە بىر قۇرت خۇددى ھەمراھىغا ماتەم تۇتقاندەك، ئۇنىڭ يېنىدا بېشىنى ئېگىز كۆتۈرگەن پېتى قاراپ تۇراتتى.

ئايگۈل ھەرىكەتتىن قالغان ئۆلۈك قۇرتنى كۆرۈپ ھۆكۈرەپ يىغلاپ تاشلىغىلى ئاز قالدى. ئايخان كۆزىگە ياش ئېلىپ، ماتەمدار قىياپەتتە تۇرغان قىزىنىڭ مۈكىنىغا ھەمدەم بولغاندەك، يېنىك بىر ئۇھ تارتىپ قويدى ـ دە، قىزىدىن:

— بۇ قۇرت سېرىق سۇ كېسىلى بىلەن ئۆلۈپتۇ، بۇنداق كېسەلنىڭ قانداق پەيدا بولىدىغانلىقىنى بىلەمسەن قىزىم؟ — دەپ سورىۋىدى، ئايگۈل «بىلمەيمەن» دېگەندەك، بېشىنى چايقىدى.

— بۇ كېسەل، قۇرتقا بېرىلىدىغان يېمەكلىكنىڭ تازىلىقى ناچار بولۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، چاڭ ـ توزان بىلەن، بولۇپمۇ سېغىز توپا بىلەن بۇلغانغان يوپۇرماق بېرىلسە، پىلە قۇرتىنىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىنى زىيانغا ئۇچرىتىپ، مانا شۇنداق كېسەل پەيدا قىلىدۇ. ئۈجمە شېخىنىڭ ئەڭ ئۇچىدىكى يېڭى چىققان يوپۇرماقمۇ پىلە قۇرتى ئۈچۈن زىيانلىق.

— مەن يوپۇرماقلانى پاكىز قېقىۋېتىپ بەرگەنىدىمغۇ؟

— سەن بىر قاراشتا يوپۇرماقنىڭ پاكىز تۇرغىنىنى كۆرىسەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قونۇۋالغان چاڭ زەررىچىلىرىنى كۆرەلمەيسەن. شۇڭا، مەن ساڭا دەسلىپىدىلا يوپۇرماقنى پاكىز سۇدا چايقىۋېتىپ بەر، دېگەنىدىمغۇ؟

ئايگۈل ئۆز سەۋەنلىكىنى دەرھال بويىنىغا ئالدى ۋە

ئانىسىدىن يەنە سورىدى :

— ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق ئاپا ؟

— ئەمدى بۇ ئۆلۈك قۇرتنى دەرھال ئېلىۋېتىش كې-رەك ، بولمىسا ئاۋۇ ساق قۇرتمۇ يۇقۇملىنىدۇ . قۇرتتىكى بۇنداق كېسەلنى بىر خىل مىكروب كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . ئەگەر ساق قۇرت بۇنداق مىكروب بىلەن بۇلغانغان يوپۇر-ماقنى يېسە ، ئوخشاشلا شۇ كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ . پىلە قۇرتى بېقىش ئۆيىدىكى قۇرتلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئۆلۈپ كېتىشىمۇ ئاشۇ سەۋەبتىن .

ئايگۈل ئۆلۈك قۇرتنى ئاۋايلاپ ئالدى - دە ، تالاغا ئېلىپ چىقىپ كىچىككىنە ئورا كولاپ كۆمۈپ قويدى . ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ھېسسىياتىنى ، غەمكىن ھالىتىنى تەس-ۋىرلەشمۇ تەس ئىدى .

ئارىدىن يەنە يىگىرمە نەچچە كۈن ئۆتتى . ئايگۈلنىڭ ئېھتىيات بىلەن پەرۋىش قىلىشى ئارقىسىدا ھايات قالغان بىر تال قۇرت قېرىنداش تومۇلۇقىدا چوڭ بولدى . پىلە قۇرتىنىڭ بېقىلىش جەريانى ئۇنىڭ خاتىرىسىنىڭ ئون نەچ-چە بېتىنى تولدۇردى . ئايگۈلنىڭ خۇشاللىقىمۇ قۇرت بى-لەن تەڭ زورىيىپ ، پىلە قۇرتى ھەققىدىكى بىلىمىمۇ بار-غانسېرى كۆپىيىپ باردى .

دەل شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئايگۈلنىڭ بار - يوق بىر تال يالغۇز قۇرتى يەنە «ئاغرىپ» قالدى . مۇبادا بۇ قۇرت ئەمدى ئۆلۈپ قالىدىغان بولسا ، ئۇنى ھېسابسىز ئازابقا دۇچار قىلىپ ، نادامەت ئوتىدا ئۆرتەپ ، سەبىي يۈرىكىدە يارا پەيدا قىلىشى مۇمكىن ئىدى .

ئايخان يەنە ئاۋۋالقى قېتىمدىكىدەك ، ئاغزى ئۈمچى-

www.uyghurkitap.com

يىپ ، كۆز جىيەكلىرى قىزىرىشقا باشلىغان قىزىغا ئەگىشىپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەلدى ـ دە ، ئىتتىك بېرىپ سېۋەتكە قارىدى .

ئايخان قىزىنى ھەيران قالدۇرۇپ ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە كۈلكىسىنى چۈشىنەلمەي داڭ قېتىپ تۇرغان قىزىغا قاراپ خۇشال ھالدا دېدى :

— ئوبدان قىزىم ، مەن سېنى تەبرىكلەيمەن ، پات ئارىدا ئەمگىكىڭنىڭ مېۋىسىنى كۆرىسەن !

ھەيرانلىقىنى باسالمايۋاتقان ئايگۈل ئانىسىغا سوئال قويدى :

— ئاپا ، بىچارە قۇرتۇم ئاغرىق ئازابىدا مىدىرلىيالمايۋاتسا ، مېنى زاڭلىق قىلغىلى تۇردۇڭغۇ ؟

ئايگۈل شۇنداق دېدى ـ دە ، يۈزىنى تام تەرەپكە قىلىپ دومسايدى .

— ماڭا قارا ، — دېدى ئايخان قىزىنى ئۆزىگە قارىتىپ ، — قۇرتۇڭ ئاغرىپ قالمىغان ، بەلكى ئۇچەككە كىرگەن ، پىلە قۇرتى ئۆمرىدە ئۈچ قېتىم ئۇچەككە كىرىدۇ . بۇ قۇرتلارنى ساڭا ئېلىپ كەلگىنىمدە ئۇ بىرىنچى ئۇچەكتىن چىقىپ بولغان . ئىككىنچى قېتىم ئۇچەككە كىرگەندە بەلكى سەن تۇيماي قالغانسەن ، مانا بۇ ئاخىرقى قېتىملىق ئۇچەك . پىلە قۇرتى ئۇچەككە كىرگەندە بىر ـ ئىككى كۈنگىچە ھېچ نەرسە يېمەي ئۇخلايدۇ . ئۇچەكتىن چىققاندىن كېيىنلا تېرە تاشلاپ ، يېڭى بىر ئۆسۈش مەزگىلىگە كۆچىدۇ . ئەمدى سەن مۇنۇ سېۋەتكە سۇپۇرگىنى تاشلاپ قوي . ئۇ نەچچە كۈندىن كېيىنلا ئاغزىدىن يىپەك چىقىرىپ ، تور توقۇپ ، غوزەك باغلاشقا باشلايدۇ !

راست دېگەندەكلا ، ئايگۈل باققان پىلە قۇرتى ئەتىسى كەچتىلا ئۇچەكتىن چىقىپ ، تېرە تاشلىدى ـ دە ، سۈپۈر ـ گىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ، ئاغزىدىن پارقىراپ تۇرغان يىپەك تالالىرىنى چىقىرىپ ، تور توقۇغىلى تۇردى . يەنە بىرقانچە كۈندىن كېيىنلا قۇرت كۆزدىن غايىب بولۇپ ، قۇرت ئورنى ـ دا ئاپئاق بىر تال پىلە غوزىكى پەيدا بولدى .

ئايگۈلنىڭ شۇ چاغدىكى خۇشاللىقى شۇ دەرىجىگە يەت ـ كەنىدىكى ، ئۇ بىردەم سەكرەيتتى ، تاقلايتتى ؛ بىردەم ئاپى ـ سىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ ، سۆيۈپ كېتەتتى .

— ئاپا ، مەن بۇ پىلە غوزىكىنى خاتىرە قىلىپ ساقلاپ قويىمەن ، دادامغىمۇ خەت يېزىپ ، ئۇنى بۇ يېڭىلىقتىن خەۋەردار قىلىمەن ، — دېدى ئۇ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمىگەن هالدا پىلە غوزىكىنى ئالىقىنىدا تۇتۇپ تۇرۇپ ، — مۇهىمى ، پىلە قۇرتىنىڭ پىلىگە ئايلانغانغا قەدەر بولغان جەريانىنى ساۋاقداشلىرىمغا سۆزلەپ بېرىپ ، ئۇلارنى رازى قىلىمەن !

ئايخان قىزىنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاق بولۇپ ، ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى ۋە ئۇنىڭغا :

— ئالدىرىما ، بۇ غوزەكنى كۆزگە چېلىقىدىغان سال ـ قىن بىرەر يەرگە قويۇپ قويغىن ، يەنە بىرەر ئايدىن كېيىن غوزەك ئىچىدىكى پىلە قۇرتى لىچىنكىسى كېپىنەككە ئايلى ـ نىپ غوزەكنى تېشىپ چىقىدۇ . سەن ئۇنى بىر ۋاراق قېلىن قەغەز ئۈستىگە قويۇپ قويساڭ ، ئۇ مىڭلاپ تۇخۇم چىقىرىدۇ . پىشقان بۇ تۇخۇملارنى ساق ـ سالامەت قىشتىن ئۆتكۈزسەڭ ، ئەتىياز كېلىپ ، هاۋا ـ جاهان ئىللىشىغىلا هەربىر تال تۇخۇمدىن بىردىن پىلە قۇرتى پەيدا بولىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەن مۇشۇ جەريانلارنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ئورۇندىساڭ ئاندىن پىلە قۇرتى ھەققىدە بىر پۈتۈن بىلىمگە ئىگە بولالايسەن .

— ماقۇل ئاپا ، نېمە قىلىشىمنى ماڭا كۆرسىتىپ بەرسەڭلا بولدى ، قالغىنىنى ئۆزۈم ئىشلەۋېرىمەن ، پىلە قۇرتى بېقىشنىڭ جاپالىقلىقىنى ، يىپەكنىڭ نەقەدەر قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى ئاخىر بىر كۈن ساۋاقداشلىرىمغا سۆزلەپ بېرىمەن .

ئايگۈل ئاپىسىغا شۇنداق دېدى ـ دە ، ئالىقىنىدا گۆھەردەك جۇلالىنىپ تۇرغان پىلە غوزىكىنى چىرايلىق بىر قەغەز قۇتىغا سېلىپ ، تاختىنۇشىغا ئېلىپ قويدى .

## كۆنۈكمە

1 . تېكىستنى ئىچىڭىزدە تەكرار ئوقۇپ ، مەزمۇنىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرۈۋېلىڭ .

2 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇڭ ، ئوقۇتقۇچى ۋە ئاتا-ئانىڭىزنىڭ ياردىمىدە بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭ ھەمدە ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ ھەربىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭ .

جىلە بولۇش ، تەپچىپ چىقىش ، تەئەججۈپلىنىش ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىش ، تىنماسلىق ، غەمكىن ، مۇراجىئەت قىلىش ، ئالامەت ، ھەمدەم بولۇش ، دومسىيىش ، ئۈچەككە كىرىش ، غوزەك باغلاش

يېزىقچىلىق

# ئەسەرنىڭ تەپسىلاتلىرىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

بىر پارچە ياخشى ئەسەر قانداق قىلىپ سىزنى تەسىرلەندۈرەلەيدۇ ، سىزدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرالايدۇ ؟ بۇنىڭدىكى مۇھىم سەۋەب شۇكى ، ئۇ جانلىق يېزىلغان ، مەركىزىي ئىدىيىنى گەۋدىلىك ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان جايلار بەكمۇ چىن ۋە ئىنچىكە تەسۋىرلەنگەن بولۇشى كېرەك . سىز ئۇنىڭدىكى تەپسىلاتلار (ئۇششاق ھالقىلار )نى ئوقۇغىنىڭىزدا ، خۇددى ئۆزىڭىزنى شۇ مۇھىتتا تۇرغاندەك ھېس قىلىسىز ۋە چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولىسىز .

«پىلە قۇرتى» دېگەن تېكىستنى مىسالغا ئالساق ، ئاپتور ئەسەرنىڭ بېشىدا «يوغان - يوغان ئوتلۇق كۆزلىرى كىتابتىكى بىر جۈملىگە مىختەك قادالغان ، نۇرلىنىپ تۇرغان مەڭزىمۇ توغاچتەك قىزىرىپ كەتكەن ، پەقەت ئوغلاقنىڭ مۆڭگۈزىدەك دىڭگىيىپ تۇرغان ئىككى ئۆرۈم چېچىلا توختاۋسىز تەۋرىنىپ تۇرغان» ئايگۈلنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئۇچىنى چىشلىگىنىچە خىيالغا پاتقانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ . ئۇماق قىزچاق ئايگۈل نېمە ئۈچۈن خىيالغا پاتىدۇ ؟ ئاپتور بۇنى ئوقۇرمەنلەرگە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىدۇ : «بۈگۈن ئۈچىنچى سائەتلىك دەرس ۋاقتىدا تۇيۇقسىز بىر كېلىشمەسلىك يۈز بەردى . مۇئەللىم دەرس تېكىستىدە ئۇچرىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

‹پىلە قۇرتى› توغرىسىدا ئوقۇغۇچىلارغا سوئال قويدى :
— ساۋاقداشلار ، پىلە قۇرتى دېگەن قانداق قۇرت ، پىلە قۇرتى توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىلەر ؟

سىنىپتا ... ھەممەيلەننىڭ كۆزى بىردىنلا ئوتتۇرا قاتاردا ئولتۇرغان ئايگۈلگە تىكىلدى . چۈنكى ، ئۇلار ئايگۈلنى ئۆزلىرى بىلمىگەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىدۇ ، دەپ ھېسابلىشاتتى . يەنە نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ داڭقى بار پىلە قۇرتى بېقىش تېخنىكى ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار ئىدى .

ئايگۈل قولىنى كۆتۈرمەكچى بولدى . بىراق ، ‹پىلە قۇرتى› دەپ ئاڭلىغىنى بىلەن ئۇ توغرىسىدا ھېچنېمە بىلمەيدىغانلىقىنى بىردىنلا يادىغا ئېلىپ ، نىيىتىدىن ياندى . ئايگۈل دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى جىرىڭلىشى بىلەنلا سىنىپتىن يادىن ئايرىلغان ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ ، يۈگۈرگەن پېتى ئۆيىگە كېلىپ ، ھېلىقى تېكىستنى ئالدىغا يايدى ... ئايگۈل ئاپىسىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ، ئاپىسى كەلگەندىن كېيىن ، ئاپىسىنىڭ مۇرىسىدە بىر سوزۇلۇپ ، بىر تۈگۈلۈپ ئۆمىلەپ يۈرگەن ئىككى تال ئاپئاق پىلە قۇرتىنى كۆرۈپ قېلىپ ، ئۇنى ئاپىسىدىن سوراپ ئالىدۇ - دە ، بۇ قۇرتلارنى ئۆز قولى بىلەن بېقىپ ، پىلە قۇرتىنىڭ بېقىلىش جەريانىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ باقماقچى بولىدۇ .» ئاپتور يۇقىرىقىلارنى تەسۋىرلەپ بولغاندىن كېيىن ، ئايگۈلنىڭ پىلە قۇرتلىرىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى ، ئاپىسىنىڭ ياردىمىدە پىلە قۇرتلىرىنى قانداق پەرۋىش قىلغانلىقىنى ناھايىتى تەپسىلىي ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەيدۇ . ئايگۈل بىر كۈنى مەكتەپتىن

قايتىپ كېلىپ ، بېقىۋاتقان ئىككى پىلە قۇرتىنىڭ بىرىنىڭ
ساماندەك سارغىيىپ ، ئارقا تەرىپىگە چاپلىشىۋالغان كى-
چىككىنە بىر تامچە سۇنى سۆرەپ ، تەسلىكتە ئۆمىلەۋاتقان-
لىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ . بۇ ئەھۋالنى ئاپىسىغا مەلۇم قى-
لىپ ، ئاپىسىنى باشلاپ كېلىپ قارىغىنىدا ، كۆرگىنى كې-
سەل تەگكەن ئاۋارە قۇرت ئەمەس ، بەلكى كۆپكۆك بىر تال
يوپۇرماق ئۈستىدە سۇنايلىنىپ ياتقان ئۆلۈك قۇرت بولى-
دۇ . ئاپىسى بۇنىڭ سەۋەبىنى : بۇ قۇرتنىڭ سېرىق سۇ
كېسىلى بىلەن ئۆلگەنلىكى ، بۇ كېسەل قۇرتقا بېرىلىدىغان
يېمەكلىكنىڭ تازىلىقى ناچارلىقىدىن پەيدا بولىدىغانلىقى ،
پىلە قۇرتىغا يوپۇرماقنى پاكىز سۇدا چايقىۋېتىپ بېرىش
كېرەكلىكى ، ئۇجمە شېخىنىڭ ئەڭ ئۇچىدىكى يېڭى چىققان
يوپۇرماقمۇ پىلە قۇرتى ئۈچۈن زىيانلىق ئىكەنلىكى قاتار-
لىقلارنى ئايگۈلگە تەپسىلىي چۈشەندۈرىدۇ . شۇنىڭدىن كې-
يىن ئايگۈل ئاپىسىنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن يەنە بىر ساق
قۇرتنى يۇقۇملىنىشتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ، ئۆلگەن
قۇرتنى تالاغا ئېلىپ چىقىپ كىچىككىنە ئورا كولاپ كۆمۈپ
قويىدۇ - دە ، يەنە بىر قۇرتنى ئاۋايلاپ پەرۋىش قىلىپ
باقىدۇ . شۇنداقتىمۇ ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر تال يالغۇز
قۇرتى يەنە «ئاغرىپ» قالىدۇ . بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئاپى-
سى : «قۇرتۇڭ ئاغرىپ قالمىغان ، بەلكى ئۇچەككە كىر-
گەن ، پىلە قۇرتى ئۆمرىدە ئۈچ قېتىم ئۇچەككە كىرىدۇ ...
مانا بۇ ئاخىرقى قېتىملىق ئۇچەك . پىلە قۇرتى ئۇچەككە
كىرگەندە بىر - ئىككى كۈنگىچە ھېچ نەرسە يېمەي ئۇخلاي-
دۇ . ئۇچەكتىن چىققاندىن كېيىنلا تېرە تاشلاپ ، يېڭى بىر
ئۆسۈش مەزگىلىگە كۆچىدۇ . ئۇ نەچچە كۈندىن كېيىنلا
ئاغزىدىن يىپەك چىقىرىپ ، تور توقۇپ ، غوزەك باغلاشقا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

باشلايدۇ ! » دەپ چۈشەندۈرىدۇ . دېگەندەك ، يەنە بىرقانچە كۈندىن كېيىنلا قۇرت كۆزدىن غايىب بولۇپ ، قۇرت ئورنىدا ئاپئاق بىر تال پىلە غوزىكى پەيدا بولىدۇ . ئاپىسى ئايگۈلگە يەنە غوزەك ئىچىدىكى پىلە قۇرتى لىچىنكىسى كېپىنەككە ئايلىنىپ غوزەكنى تېشىپ چىقىدىغانلىقىنى ، ئۇنى بىر ۋاراق قېلىن قەغەز ئۈستىگە قويۇپ قويسا ، ئۇ مىڭلاپ تۇخۇم چىقىرىدىغانلىقىنى ؛ پىشقان تۇخۇملارنى ساق-سالامەت قىشتىن ئۆتكۈزسە ، ئەتىياز كېلىپ ، ھاۋا - جاھان ئىللىشىغىلا ھەربىر تال تۇخۇمدىن بىردىن پىلە قۇرتى پەيدا بولىدىغانلىقىنى ؛ مۇشۇ جەريانلارنى ئۆز قولى بىلەن ئورۇندىسا ، ئاندىن پىلە قۇرتى ھەققىدە بىر پۈتۈن بىلىمگە ئىگە بولالايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ . ئايگۈل ئاپىسىنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ئىشلەۋېرىدىغانلىقىنى ، پىلە قۇرتى بېقىشنىڭ جاپالىقلىقىنى ، يىپەكنىڭ نەقەدەر قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى ئاخىر بىر كۈن ساۋاقداشلىرىغا سۆزلەپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ .

بىز يۇقىرىدىكى پىلە بېقىش جەريانىدىكى بىرمۇنچە تەپسىلاتلارنى ئوقۇپ ، پىلە بېقىش جەريانىنىڭ نەقەدەر جاپالىقلىقى ۋە يىپەكنىڭ نەقەدەر قەدىرلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىرمۇنچە بىلىمگە ۋە چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولىمىز .

بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى ، بىز ماقالە - ئەسەرلەرنى ئوقۇغىنىمىزدا ، ماقالە - ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى چۈشىنىپلا قالماستىن ، بەلكى ماقالە - ئەسەرنىڭ تەپسىلاتلىرىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم . تەپسىلاتلارنى پۇختا ئۆزلەشتۈرۈۋالغاندىلا ، تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ .

# تۆتىنچى مەشىق

1 . تۆۋەندىكى پارچىنى ئىچىڭىزدە ئوقۇپ ، ئۇنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى نېمە ئىكەنلىكى ۋە مەركىزىي ئىدىيە-نىڭ قايسى يەرلەردە گەۋدىلەنگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىڭ .

نىل دەرياسى بويىدا كىچىككىنە بىر شەھەر بولۇپ ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېگىز - ئېگىز ئېھراملار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ .

نەنتې ئىسىملىك تۆگە يېتىلەيدىغان بىر بالا مۇشۇ شەھەردە ياشايتتى . ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان ، ئۇ بۇ كىچىك شەھەرنىڭ سىرتىدى-كى دۇنيادىن قىلچە خەۋەرسىز ئىدى . يازلىق تەتىل كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ، ئۇ يۇك سىمىس ئىسىملىك بىر چەت ئەللىك مېھماننى كۈتۈۋالدى . سىمىس ئەپەندى تۆگە بىلەن چۈشتىن كېيىندىن باشلاپ تاكى كەچكىچە ئېھراملارنى ئايلاندى . كەچقۇرۇنلۇقى ، ئۆزى يالغۇز ئەڭ ئېگىز ئېھرامغا قاراپ ماڭدى . نەنتې ئاخشىمى ئېھرامغا چىقىش ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە ، يوشۇرۇنچە سىمىسنىڭ ئىزىدىن قالماي مېڭىپ ، ھەربىر شەپىنى دىققەت بىلەن كۆزەتتى .

نىل دەرياسىنىڭ كېچىسى ئايدىڭ بولۇپ ، سالقىن شامال ئۇرۇپ تۇراتتى . نەنتې قاتتىق ھېرىپ كەتكەچكە ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ، ئېھرام ئېتىكىدە ئۇخلاپ قالدى . بىرھازا ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ، سىمىس ئەپەندىنىڭ قولى ئۆزىنىڭ مورىسىدە تۇرغان-لىقىنى كۆردى .

— بۇ قوڭۇر رەڭ تاش ۋە قۇملارنى كۆرگىنىمدە ، — دېدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىمىس ئۇنىڭغا ، — كىشىلەرنىڭ ئېھراملارنى ياساش ئەھۋالى كۆز ئالدىمدا نامايان بولىدۇ . سىلەرنىڭ ئەجدادىڭلار نېمىدېگەن ئۇلۇغ ـ ھە !

— ئۇلارنىڭ ئاشۇ تاشلارنى قانداق توشۇغانلىقىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ ؟ — سورىدى نەنتې .

— ئانچە ـ مۇنچە خەۋىرىم بار ، — دېدى سىمىس ۋە نەنتېغا قەدىمكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ تاشلارنى بىر ـ بىرلەپ تىزىپ ، ئاندىن ئېگىز ـ ئېگىز ئېھراملارنى بىر بۆلەك ـ بىر بۆلەكتىن ياساپ چىققانلىقىنى سۆزلەپ بەردى ، — مەن ئېھرامنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئەتىراپلىق تەتقىق قىلماقچى بولۇۋاتىمەن ، سەن ماڭا ياردەم بېرىشنى خالامسەن ؟

— خالايمەن . سىزگە ياردەم بېرەلىسەم ، ئىنتايىن خۇشال بولىمەن ، — دېدى نەنتې .

تومۇز ئىسسىق ، ياز بويى نەنتې سىمىس ئەپەندىنىڭ ئېھرامنى تەتقىق قىلىشىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بەردى . خىزمەت جاپالىق ۋە ئالدىراش بولسىمۇ ، لېكىن يازلىق تەتىل جەريانىدا ، نەنتېمۇ ئېھرامغا دائىر نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگىنىۋالدى .

شۇنىڭ بىلەن نەنتېدا ۋەتىنىنىڭ تارىخىغا نىسبەتەن چوڭقۇر قىزىقىش پەيدا بولدى ، كۆپ يىل تىرىشىپ ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تۆگە يېتىلەيدىغان بۇ بالا ئاخىر مەشھۇر تارىخشۇناس بولۇپ قالدى .

2 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭ ، ھەربىر گۇرۇپپىدىكى ئىككى جۈملىنىڭ قايسىسىدا سۆزدە گۈزەل بولۇش ئىپادىلەنگەن ؟ بىرنەچچە مىسال كەلتۈرەلەمسىز ؟

1 ) كوچا ئاپتوبۇسىدا بىر مومايىنىڭ ئاپتوبۇسقا چىققانلىقىنى كۆرگەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى

دەرھال ئورنىنى بېرىپ، مۇنداق دېدى:

— موما، بۇ يەردە ئولتۇرۇۋېلىڭ!

— ھەي موماي، ماۋۇ يەردە ئولتۇرغىن!

2) بىر ئوقۇغۇچى ئۆزىدىن كىچىك بىر ئوقۇغۇچىنى سوقۇپ يىقىتىۋەتتى، كىچىك ئوقۇغۇچى يىغلىۋىدى، ھېلىقى ئوقۇغۇچى مۇنداق دېدى:

— كەچۈرگىن، بىخەستەلىك قىلىپ سېنى يىقىتىۋەتتىم، مەن توغرا قىلمىدىم، يىغلىمىغىن، يىغلىمىغىن!

— ۋاي تاۋى نازۇكەي، سېنى مەن قەستەن يىقىتىۋەتمىدىمغۇ، نېمىشقا يىغلايسەن!

3) مەكتەپ بىزنى كىنو كۆرۈشكە تەشكىللىگەنىدى، ئاپامدىن پۇل سورىدىم:

— ئاپا، مەكتەپ شەنبە كۈنى كىنوغا ئاپارماقچى، ماڭا كىنو بېلىتىگە پۇل بەرسىڭىز، ئەتە مۇئەللىمگە تاپشۇرىمەن، بولامدۇ؟

— ھەي ئاپا، شەنبە كۈنى كىنو كۆرىمەن، بول چاپسان، كىنو بېلىتىگە پۇل بەرگىن!

3. تۆۋەندىكى «ھايات بىباھا» دېگەن پارچىنى ئوقۇپ، كىشىلىك ھاياتىڭىزنىڭ ئەھمىيىتى، مەقسىتى، قىممىتى ئۈستىدە ئويلىنىڭ. ئىمكانىيىتىڭىزنىڭ يار بېرىشىچە كىشىلىك ھايات توغرىسىدىكى ھېكمەتلىك سۆزلەرنى، شېئىر ۋە پارچىلارنى ئىزدەپ تېپىپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ بىباھا ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى چۈشەنچىڭىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇڭ. قىممىتى بار دەپ قارىغان تەسراتلىرىڭىزنى ساۋاقداشلىرىڭىزغا سۆزلەپ بېرىڭ.

## ھايات بىباھا

سەن بىباھا گۆھەر . كىم بولۇشۇڭدىن ، يېشىڭنىڭ قانچە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، سەن بىباھا گۆھەر !

ھاياتىڭ نەدىن كەلگەن ؟ شۇنداق ، ئاتا ـ ئاناڭدىن ئاپىرىدە بولدۇڭ ، ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ··· ھايات نەدىن كەلگەن ؟ ئالەمدىكى تۇپكى ئىجاد قىلىش كۈچى بىلەن چوڭقۇر چېتىلغان .

سەن بۇرۇن بولۇپ باقمىغان ، كېيىنمۇ بولمايدىغان ، يەككە ـ يېگانىسەن . تارىختا سەندەك ئادەم ، ئوخشاش ئاتا ـ ئانىغا ، ئوخشاش مەكتەپكە ئىگە ، ئوخشاش دەۋرگە ئىگە ئادەم يەنە چىقارمۇ ؟ ئالەمدە ھەممە ئۆز جايىدا يارىتىلدى . ھەربىر ئادەمدە ئوخشاش بولمىغان بارماق ئىزىمۇ ئاۋارىچىلىكتىن قورقماي يارىتىلدى . زېبرا[1] نىڭ سىزىقچىلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ . ئادەمنىڭ تەپەككۇرى ، ھېسسىياتى ··· نى دېمەي قويايلى .

بەزىلەر «جاھاندا شۇنچە ئادەم تۇرسا ، مېنى نەدىن تاپىدۇ ؟ كۆزگە كۆرۈنگۈچىلىكىم يوق » دېيىشىدۇ . ئامېرىكىلىق شائىر ۋىتمان : «مېنىڭچە ، بىر تال يوپۇرماقنىڭ تۆھپىسى يۇلتۇزلارنىڭ ئايلىنىشىدىن قېلىشمايدۇ » دېگەن . ھايات مۇساپەڭ ياكى بىر تال يوپۇرماقنىڭ ھايات مۇساپىسى يارىتىلغان تىلسىماتلار بىلەن چوقۇم زىچ باغلانغان .

ئېيتىشلاردىن قارىغاندا ، ساكيامونى تۇغۇلغاندا بىر قولى بىلەن ئاسماننى ، بىر قولى بىلەن يەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ : «جاھاندا بىر مەنلا » دېگەنىكەن . بۇ سۆزنى ھەربىر ئادەمگە ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ . ھەركىم ئۆز ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلىشى ، ئۆزىنى ھۆرمەت قىلد-

---

① زېبرا — ئالىتاغىل ئاتنى كۆرسىتىدۇ .

شى ، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ۋە ھاياتلىقنىڭ ئەھمىيىتىنى مۇئەييەنلەشـ تۈرۈشى ، ھاياتنىڭ خوجايىنى بولۇشى كېرەك .

بىزدە بىرلا ئالەم بار . ئالەمدىكى ھەممە ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولىدۇ . ئالەمنىڭ يارىتىلىشى چەكسىز ئېچىۋېتىلگەن . چەكسىز تەسىر ۋە چەكسىز مۇمكىن بولىدىغان تەرەققىياتلارنى سىغدۇرالايدۇ .

تۇرمۇشنىڭ بېسىمى ۋە پارچە - پۇرات ئاۋارىچىلىكلىرىنى ئاغزىمىزدىن چۈشۈرمەي يۈرىمىز ، لېكىن ھاياتىمىزنىڭ سىرى بىلەن ئىجادىيەتنىڭ تىلسىملىرىنى ئۇنتۇپ قالىمىز .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 11 . شامال

ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان ، خېلى ئەقىل كىرىپ قالغان چاغلىرىم ئىدى . شۇ يىلى باھار بالدۇرراق كەلدى . بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ، بېيجىڭدا ئىككى ـ ئۈچ قېتىم قاتتىق شامال چىقتى . قارىماققا ، بېيجىڭنىڭ باھار شامىلى باھارنى ئېلىپ كەلمەي ، ئەكسىچە ، قۇترىغان پېتى باھارنى قوغلىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى . ئۇ ئاي ، ئۇ كۈنلەردە ، كىشىلەر دەرەخ كېسىشنىلا بىلىپ ، دەرەخ تىكىشنى بىلمىگەچكە ، ئاستا ـ ئاستا تاغلار تاقىرلىشىپ ، يەرلەر قاقاسلىشىپ كەتكەنىدى . شىمال تەرەپتىكى تاقىر باش تاغلار سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىن سوققان دەھشەتلىك شامالنى توسۇپ قالالمايتتى ، بېيجىڭنىڭ مۇستەھكەم سېپىللىرىمۇ ، ئۇنى توسۇۋالالمايتتى . ئىزغىرىن شامال سېرىق قۇملارنى ئۇچۇرتۇپ ، داد ـ پەرياد كۆتۈرەتتى ، يەر ـ ئاسمان قاراڭغۇلىشىپ ، ئاي بىلەن كۈننىڭ نۇرىنى كۆرگىلى بولمايتتى . كۆك ئاسمان سېرىق ئاسمانغا ئايلىنىپ ، تىنماي سېرىق قۇم ياغاتتى . ئات ـ ئېشەكلەرنىڭ سۈيدۈك ـ گەندىلىرى ئارىلاش قارا توپىلار، ئەخلەت ـ چاۋارلار بىلەن بىرلىكتە كۆرەڭلىگەن ھالدا ئاسمان بوشلۇقىغا قاراپ ئۇچاتتى . ئاسمان بوشلۇقىدا ، قارا ـ سېرىق توپا ـ چاڭلار ئاستا ـ ئاستا ئارىلىشىپ ، تۇم كۆل رەڭ چاڭ ھاسىل قىلىپ ، كۈن نۇرىنى توسۇۋالاتتى . قۇياش تۇرغان يېرىدە ، خۇددى قېتىپ

قالغان قان پارچىسىدەك ، سېرىق رەڭ ئىچىدىن قىزغۇچ كۆرۈنەتتى .

شامال كەلدى ، دۆكان سىرتىدىكى ئاسمان ـ پەلەك بىنالاردىن غىچىرلىغان ئاۋازلار چىقىشقا باشلىدى ، شامال لاتا ۋىۋىسكىلارنى يىرتىۋەتكۈدەك پۇلاڭلىتاتتى ، يىراق ـ يىراقلاردىن ئاتلارنىڭ كىشنىشى ، كالىلارنىڭ مۆرىشى ئاڭ- لىناتتى . چوڭ ـ چوڭ دەرەخلەرنىڭ ئۇچى يەرگە تەگكۈ- دەك ئېگىلەتتى ، قۇرۇق شاخلار ۋە قۇرۇق توخۇمەك ئۇ- رۇقلىرى ئارقىمۇئارقا يەرگە تۆكۈلەتتى ، شاخ ئاچىلىرىدى- كى قاغا چاڭگىلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەنىدى . خىش ياكى تاش يېيىتىلغان يوللار ۋە يان يوللاردىكى كۆل رەڭ توپىنىڭ ھەممىسى ئۇچۇۋاتقاندەك قىلاتتى ، ئۇدۇلدىن كېلىۋاتقان ئادەمنى كۆرگىلى بولمايتتى . ئۆيىدىن نائىلاج چىققان كى- شىلەر ، خۇددى دەھشەتلىك دولقۇندا جان تالىشىۋاتقان بې- لىقلارغا ئوخشايتتى ، شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ماڭغانلا- رى ئۆزىنى تۇتالماي ئالغا يۈگۈرەيتتى ، شامالغا قارشى ماڭغانلىرى ئالدىغا قەدەم تاشلىسىمۇ ، گەۋدىسى كەينىگە كېتەتتى . ئۇلارنىڭ ئۇستىۋېشى ، يۈز ـ كۆزلىرى ، خۇددى ھېلىلا گۆردىن چىققاندەك ، قارا توپىغا مىلەنگەنىدى ، قى- زىرىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن قۇيۇلۇۋاتقان ياشلىرى بۇرنى- نىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئىككى لاي ئېرىقچە ھاسىل قىلىپ ئاقاتتى .

ئۆيدە ئولتۇرغان نامراتلارغا بىنانىڭ تاملىرى تەۋرەۋات- قاندەك ، ئۆگزىدىكى خىش ـ كاھىشلارنى ئېچىۋېتىۋاتقان- دەك ، ئۆينى ئىگىلىرى بىلەن قوشۇپ قەيەرلەرگىدۇر ئۇ- چۇرۇپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى . تەرەپ ـ تەرەپتىن كىر-

گەن شامال ئۆي ئىچىنى بەدبۇي كۆل رەڭ توپىغا تولدۇرۇ-ۋەتكەنىدى . قايىنىغان دۇغۇ بوتقىسىمۇ ئاپئاق دولقۇنلىنىپ كۆۋۈەجەيتتى ، قازان ئەتراپى قاپقارا بولۇپ كەتكەنىدى .
شامال تۇرۇپلا ئېگىز ئاسماندا ھۆركىرەپ ئۆتۈپ كې-تەتتى ، تۇرۇپلا يەر ئۈستىنى سىيپاپ ھويلىدىكى پارچە - پۇرات قەغەزلەر ۋە قۇرۇق شاخ - شۇمبىلارنى قەيەرلەرگە-دۇر ئۇچۇرۇپ كېتەتتى . بىردەملىك شامال ئۆتۈپ كەتكەن-دىن كېيىن ، ھەممەيلەن يېنىك بىر نەپەس ئېلىپ ، كۆڭلى ئارامىغا چۈشەتتى . لېكىن ، شامال گۈركىرەپ يەنە يېتىپ كەلگىنىدە ، كىشى ئۆزىنى بېشى قايغاندەك ھېس قىلاتتى . ئاسمان - زېمىن ، ھەتتا خان سارىيىنىڭ قىزىل تاملىرى بىلەن ئوردا قوبۇلخانىلىرىمۇ تىترەۋاتقاندەك قىلاتتى . قۇ-ياش نۇرىنى يوقاتقان بېيجىڭ تاش - قۇملار تەپ تارتماي ئۇچۇپ يۈرىدىغان جايغا ئايلانغانىدى . دەھشەتلىك شامال كۈنىنىڭ ئولتۇرۇشىدىن قورقىدىغان بولغاچقا ھەممەيلەن كۆرۈمسىز قۇياشنىڭ بالدۇرراق ئولتۇرۇشىنى ئۈمىد قى-لاتتى . كەچقۇرۇنلۇقى ، دەرۋەقە شامال بېسىقىپ قالدى . چوڭ دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى قەددىنى رۇسلىدى ، گەرچە يەنە ئاندا - مۇندا تەۋرىنىپ تۇرسىمۇ ، لېكىن ، يېنىكلەپ يايراپ قالغاندەك كۆرۈندى . ھويلا - ئاراملار ھېلىلا سۈپۈ-رۈپ قويغاندەك پاكىز بولۇپ ، پارچە - پۇرات ئەخلەت-چاۋارلار نەلەرگىدۇر يوقالغان ، پەقەت تاسادىپەن بىر - ئىككى پارچە قەغەزلەرلا بۇلۇڭ - پۇچقاقلارغا يوشۇرۇنۇپ قالغانىدى . پەنجىرىلەر ئۈستىدە ئىنتايىن قۇرۇق ۋە يۇم-شاق توپا ئۇششاق - ئۇششاق زومچەك بولۇپ دۆۋىلىنىپ قالغان . دېرىزە تەكچىلىرىدە ، قۇملۇق ساياز يەردە سۇ قاي-

ناتقاندىن كېيىن قالدىغان ئىزلاردەك، سارغۇچ يۇمشاق توپا بىر يېرىدە قېلىن، بىر يېرىدە نېپىزرەك بولۇپ يېغىد-لىپ قالغانىدى. ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى بىرئاز تەسكىن تې-پىپ، ئەتە قىلچە شامال بولمىسىدى، دەپ ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن، قانداق بولۇشىنى كىم بىلىدۇ دەيسىز! ئۇ چاغلار-دا، ھاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىدىغان ئىش يوق ئىدى- دە.

ھەر ھالدا مەن تەلەيلىك ئىكەنمەن دەڭا! مېنىڭ تۇ-غۇلغان كۈنۈمدە شامال چىقمايلا قالماستىن، بەلكى كۆك ئاسماندا شىمالغا بالدۇرراق قايتقان تۇرنىلار كۆرۈندى. تۇرنىلار گەرچە بىرنەچچىلا بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ جا-راڭلىق سايرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ كىشىلەر ھويلىلىرىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ، تۇرنىلارنى كۆرسىتىپ: «مانا، تۇرنى-لارمۇ كېپقاپتۇ» دەپ خۇشال بولۇشتى. كىشىلەر يەنە پەلەمپەيلىرىدىكى خىش يوچۇقلىرىدىن يايپېشىل، يۇمران ئەمەن يوپۇرماقلىرى چىقىپ قالغانلىقىنىمۇ بايقاشتى.

## كۆنۈكمە

1. بۇ تېكىستتە ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى بېيجىڭنىڭ باھار شامىلى تەسۋىرلەنگەن. تېكىستنى ئىچىڭىزدە ئو-قۇپ، كونا بېيجىڭدا باھاردا نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق غەلىتە شامال چىقىدىغانلىقىنى، ئاپتور ئۇنى قايسى جەھەتلەردىن كۆزەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

2. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئاستى سىزىلغان سۆز - ئىبارىلەرگە دىققەت قىلىڭ:

1 ) ئاسمان بوشلۇقىدا ، قارا ـ سېرىق توپا ـ چاڭلار ئاستا ـ ئاستا ئارىلىشىپ ، تۇم كۇل رەڭ چاڭ ھاسىل قىلىپ ، كۇن نۇرىنى توسۇۋالدى . قۇياش تۇرغان يېرىدە ، خۇددى قېتىپ قالغان قان پارچىسىدەك ، سېرىق رەڭ ئىدىچىدىن قىزغۇچ كۆرۈندى .

2 ) ئۆيىدىن نائىلاج چىققان كىشىلەر ، خۇددى دەھشەتلىك دولقۇندا جان تالاشقان بېلىقلاردەك ، شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ماڭغانلىرى ئۆزىنى تۇتالماي ئالغا يۈگۈرەيتتى ؛ شامالغا قارشى ماڭغانلىرى ئالدىغا قەدەم تاشلىسىمۇ ، گەۋدىسى كەينىگە كېتەتتى .

3 ) دېرىزە تەكچىلىرىدە ، قۇملۇق ساياز يەردە سۇ قايتقاندىن كېيىن قالغان ئىزلاردەك ، سارغۇچ يۇمشاق توپا بىر يېرىدە قېلىن ، بىر يېرىدە نېپىزرەك بولۇپ يىغىلىپ قالغانىدى .

3 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇڭ ۋە كۆچۈرۈپ يېزىڭ ، ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ ھەربىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭ :

قۇترىغان ھالدا    چۇۋۇلۇپ كەتكەن
ئاي بىلەن كۈننىڭ نۇرىنى كۆرگىلى بولماسلىق
ئەخلەت ـ چاۋار تىترىمەك    تەپ تارتماسلىق داد ـ پەرياد كۆتۈرمەك    يەر ـ ئاسمان قاراڭغۇلاشماق

4 . تېكىستنى پىششىق ئوقۇپ ، ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ «يامغۇر» دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ .

5 . تېكىستنى ئۈنلۈك ئوقۇڭ .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 12 . ئۇچەككە كىرىش

9 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى گۇگۇم ۋاقتى ، مەن ئوۋ ئىتىم ـ
نى ئەگەشتۈرۈپ ، بازار سىرتىدىكى ئۈزۈمزارلىقتا سەيلە
قىلىپ يۈرەتتىم . بىردىن ئوۋ ئىتىم يەرنى تىمىسقىلاپ
يۈگۈرۈپ كەتتى ـ دە ، بىر دەمدىلا بىر كىرپىنى چىشلىگەن
پېتى يېنىپ كەلدى . قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن چىڭ تۈگۈلۈ ـ
ۋالغان كىرپە خۇددى تىكەنلىك پومزەككە ئوخشاپ قالغان ـ
دى . مەن ئۇنىڭ ئۇچەككە كىرگەن ھالىتى — قىشلىق
ئۇيقۇسى قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ،
ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىش قارارىغا كەلدىم .



www.uyghurkitap.com

مەن پوپايكامنى يېشىپ ، كىرپىنىڭ يېنىغا تاشلاپ ،
تۇگۇلۇۋالغان بۇ كىچىككىنە نەرسىنى پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا-
ئىتتىرىپ پوپايكامغا ئورىۋالدىم - دە ، ئۆيگە ئېلىپ قايت-
تىم .

شۇ ئاخشىمى ئۇخلاۋېتىپ ، بىردىن ئاشخانىدىن تاراق-
لىغان ئاۋاز كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم . ئاستا پەسكە چۇ-
شۇپ ، ئاشخانا ئىشىكىنى ئېچىپ ، چىراغنى ياندۇرۇپ قا-
راپ تازىمۇ قىزىق ئىشنى كۆردۇم : كىرپە هاراق بوتۇلكى-
سىنى تۇيۇقسىز ئۆرۈۋېتىپ ، ئۇنىڭ تاراقلىغان ئاۋازىغا
قىزىقىپ ، ئۇنى توپقا ئوخشاش دومىلىتىپ ئويناۋېتىپتۇ .
ئەتىسى ئەتىگەندە قارىسام ، كىرپىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويغان
سۇت قاچىسى بوشاپ قاپتۇ ، ئۇ كالا گۆشىنىمۇ يەپ بوپتۇ .

مەن بىر كىتابتىن : ئۇچەككە كىرىش ئۇيقۇ ئەمەس ،
كالېنداردىكى ئاي - كۇن بىلەنمۇ مۇناسىۋەتسىز . ئۇچەككە
كىرىش هايۋانلارنىڭ ئۇزاق سوغۇق قىشتا ، ئاسانلىقچە ئو-
زۇق - تۇلۇك تاپقىلى بولمايدىغان پەسىلدە كۈچ- قۇۋۋەت
سەرپىياتىنى ئازايتىدىغان بىر خىل تەبىئىي هادىسە ، دەپ
يېزىلغانلىقىنى ئوقۇغانىدىم . ئەگەر سەن 7 - ئايدا بىر
هايۋاننى توڭلاتقۇغا سېلىپ قويساڭ ، ئۇ ئاشۇنداق تومۇز
ئىسسىقتىمۇ ئۇچەككە كىرىپ كېتىدۇ . شۇڭا ، تۆۋەن تېم-
پېراتۇرا ئۇچەككە كىرىشنىڭ ئاساسىي سەۋەبىدۇر .

هايۋانلار ئۇچەككە كىرگەندىن كېيىن ، بەدەن هارارى-
تى تۆۋەنلەپ ، ئەتراپىدىكى هاۋا تېمپېراتۇرىسىغا ماسلىشى-
دۇ ، باشقا فىزىئولوگىيىلىك خىزمىتىمۇ شۇنىڭ بىلەن
بىللە ئاجىزلىشىدۇ . مىسالغا ئېلىپ ئېيتساق ، بىر ئويغاق
كىرپە مىنۇتىغا تەخمىنەن 50 قېتىم نەپەس ئالىدۇ ، ئۇ-

چەككە كىرگەن ۋاقتىدا كۆپ دېگەندە سەككىز قېتىملا نە-
پەس ئالىدۇ ، بەزىدە مىنۇتىغا بىر قېتىملا نەپەس ئالىدۇ،
ھەتتا ئۇدا بىرنەچچە مىنۇت نەپەس ئېلىشتىن توختايدۇ.
بىر ئويغاق كىرپىنىڭ يۈرىكى مىنۇتىغا 200 قېتىم سوقى-
دۇ ، قىشلىق ئۇچەك ۋاقتىدا 20 قېتىمغا چۈشۈپ قالىدۇ .
بۇ كىچىككىنە نەرسە مېنىڭ بىلەن تېخى تونۇش ئە-
مەس . مەن قولىقىمنى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە قويۇپ ، يۈرەك
سوقۇشىنى ھېسابلىيالمايمەن ؛ ئېھتىمال ، ئۇمۇ تېرمومې-
تىرنى ئۇنىڭ بۇرۇن تۆشۈكىگە تىقىپ بەدەن ھارارىتىنى
ئۆلچىشىمگە يول قويماس . مەن ئۇستۇېشى تىكەنلىك بۇ
دوستۇمنىڭ ئۇچەككە قانداق كىرىدىغانلىقىنى باشقا ئۇسۇل
بىلەن سىناپ كۆرۈشكە مەجبۇر بولدۇم .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىرپە ئۆي ـ جاي ئەتراپىدىن تۆشۈك ئىزدەشكە ئاما-
راق . ئۇ ئادەتتە شۇ جايغا ياكى يوپۇرماقلار دۆۋىسى ئاستىغا
يوشۇرۇنۇپ ئۇچەككە كىرىدۇ . مەن ئۇنى گەمىگە كىرگۈ-
زۈپ ، بىر قاچا سۈت ۋە بىر تەخسە كالا گۆشىنى ئۇششاق
قىرىندىلار لىق قاچىلانغان بامبۇك سېۋەت يېنىغا قويۇپ
قويدۇم . مەن ئەسلىدە : كىرپە 15°C تىن تۆۋەن تېمپېراتۇ-
رىدا ئىشتىھادىن قېلىپ ، قىرىندىلار ئارىسىغا كىرىپ ئۇخ-
لايدۇ ، دەپ ئويلىغۇدىم . نەتىجە ئۇنداق بولۇپ چىقمىدى ،
ئۇ ئۇيقۇغا قارىغاندا ئوزۇقلىنىشقا بەكرەك قىزىققاندەك قى-
لاتتى . گەمە تېمپېراتۇرىسى 12°C قا چۈشكەندىمۇ ، ئۇ
سېۋەتكە كىرىپ ئۇخلىماي ، تىكەنلىرى بىلەن قىرىندىلارنى
يەرگە چېچىۋېتىپتۇ . بىردەمدىلا ، تەجرىبە ئۈچۈن قويۇلغان
سۈت ۋە كالا گۆشى كۆزدىن غايىب بوپتۇ . ئەسلىدە ئۇ
سوغۇقتا توڭلاپ ، بەدەن ھارارىتىنى ساقلاش ئۈچۈن ، كۆپ-
رەك نەرسە يېيىشكە موھتاج ئىدى . ئۇ كۈچىنىڭ بارىچە
قىشلىق ئۇيقۇنى قوغلايتتى .

بىر كۈنى ئەتىگەندە ، تېمپېراتۇرا 7°C قا چۈشتى . مەن
گەمىگە كىرىپ ، ئادەتتىكىدەك كۆزەتسەم ، كىرپىنىڭ ماڭ-
غان شەپىسى ئاڭلانمىدى . ئۇ ئاخىر ئۇيقۇغا كېتىپتۇ .

يېرىم ئايدىن كېيىن ، كىرپە تۇگۈلۈپ ، كىچىككىنە
تۇمشۇقىنى تىكەنلىرى ئارىسىدىن سىرتقا چىقىرىپ ، تاتلىق
ئۇيقۇغا كەتتى . مەن قىرىندىلارنى ئېلىۋەتكەن بولساممۇ ،
ئۇ سەزمىدى . مېنىڭ ئۇنى ئېلىۋالسام‌مۇ ئويغانمايدىغانلى-
قىغا ، ھېچبولمىغاندا دەرھال ئويغانمايدىغانلىقىغا كۆزۈم
يەتتى .

ئۈچىنچى ھەپتە باشلاندى ، سېۋەتنى تەكشۈرسەم ،

ئەھۋال بۇرۇنقىدەكلا ئىدى . بۇرۇلۇپ چىقىپ كېتەي دەپ
تۇرۇشۇمغا ، قولچىرىغىنىڭ يورۇقى بىردىن كىچىككىنە
يەردىكى سۇغا چۈشتى .
گەمە بۇرۇندىنلا قۇرغاق ئىدى ، بۇ سۇ زادى نەدىن
كەلدى ؟ يېقىن بېرىپ قارىسام ، ھېلىقى كىچىككىنە سۇ
بىلەن سېۋەت ئارىلىقىدىكى سېمونت پولدا ئۇنىڭ پۇت ئىزى
تۇراتتى . مەن بۇ ئۇنىڭ سۈيدۈكى ئىكەن ، دېگەن ئويغا
كەلدىم . شۇ ھامان سۈت ۋە گۆش ئېلىپ كېلىپ ، سېۋەت
يېنىغا قويۇپ قويدۇم . ئەتىسى ئەتىگەندە ، سۈت بىلەن
گۆشنىڭ كۆزدىن غايىب بولغانلىقىنى بايقىدىم .
كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان باشقا ئىش يۈز بەرمىدى .
كىرپە ھەر ئىككى ـ ئۈچ ھەپتىدە بىر قېتىم ئويغىناتتى .
يەردە كىچىككىنە سۇ پەيدا بولۇپ قالسىلا ، ئۇنىڭغا ئوزۇق ـ
لۇق تەييارلاش كېرەكلىكىنى بىلەتتىم . ئۇ سۈت ئىچىشنى
ۋە گۆش يېيىشنى بىلەتتى ، بەزىدە كۆپ ، بەزىدە ئاز يەيت ـ
تى ، ئاندىن داۋاملىق ئۇخلايتتى . پۈتكۈل قىش بويى گەمە
تېمپېراتۇرىسى ئىزچىل مۇقىم ھالدا 7°C ئەتراپىدا بولدى .
قۇياش پارلاق نۇر چاچىدىغان 3 ـ ئاي يېتىپ كەلگەن ـ
دە ، مەن كىرپىنى سېۋەت بىللە گەمىدىن ئېلىپ
چىقىپ ، ئاپتاپ چۈشىدۇن دەپ ، ئىسسىقراق ئورۇنغا قويۇپ
قويدۇم . بىر ئاخشىمى ھاراق بوتۇلكىسىنىڭ دومىلاپ تا ـ
راقلىغىنىنى يەنە ئاڭلىدىم — بوتۇلكىنى ئۇنىڭ يېنىغا
سىگنال سۈپىتىدە قويغانىدىم . كىرپە ناھايىتى ساغ ـ
لام كۆرۈنەتتى . مەن ئۇنى قىشتىن ساق ـ سالامەت ئۆت ـ
كۈزگەنلىكىم ئۈچۈن ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم .
مەن بۇ كىچىك دوستۇمدىن ئەتىگەنلىكى تىنچلىق سو ـ

www.uyghurkitap.com

راۋىتىپ ، ئويلىمىغان يەردىن بۇرنۇمغا يىدىم ، ئۇ ياۋۇزلارچە ماڭا خىرىس قىلدى . ئىلگىرىكى دوستلۇقىمىزدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى ، ئۇ يەنە ئۆگىتىش تەس بولغان ياۋايى هايۋانغا ئايلاندى . شۇڭا ، مەن ئۇنى يەنە كونا پوپايكىغا ئوراپ ، بۇ «تىكەنلىك پومزەك»نى دەسلەپ تېپىۋالغان جايغا ئاپىرىپ قويۇۋەتتىم .

## كۆنۈكمە

1 . كىرپە قانداق شارائىتتا ئۇچەككە كىرىدۇ ؟ كىرپە ئۇچەككە كىرگەندە ئاپتور ئۇنى قانداق كۆزەتتى ؟ قانداق ئەھۋاللارنى بايقىدى ؟

2 . تېكىستكە بىرلەشتۈرۈپ ، هايۋانلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇچەككە كىرىدىغانلىقى ، ئۇچەككە كىرىشنىڭ ئاساسىي سەۋەبى نېمە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىڭ . كىرپىنى مىسال قىلىپ ، هايۋانلار ئۇچەككە كىرگەندە ئۇلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك خىزمىتىدە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىڭ .

# تەپسىلىي كۆزىتىش كېرەك

ئەسەر ئوقۇغاندا، تەپسىلاتلار (كىچىك ھالقىلار)غا ئەھمىيەت بېرىش، يازغاندىمۇ چوڭقۇر، ئىنچىكە، تەپسىلىي يېزىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. چوڭقۇر، ئىنچىكە، تەپسىلىي يېزىش ئۈچۈن، ئادەتتە شەيئىلەرنى ئەستايىدىل كۆزىتىش لازىم.

بېيجىڭغا بارغان ئادەم، ئېھتىمال، بېيجىڭنىڭ باھاردىكى شامىلىغا نىسبەتەن ئالاھىدە تەسىراتقا ئىگە بولۇشى مۇمكىن. ناۋادا كونا جۇڭگودا بېيجىڭدا ياشىغان ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بېيجىڭنىڭ باھاردىكى شامىلىغا نىسبەتەن ئۇنىڭ تەسىراتى تېخىمۇ ئالاھىدە بولۇشى مۇمكىن. «شامال» دېگەن تېكستتە، ئاپتور كونا جۇڭگودىكى بېيجىڭنىڭ باھار شامىلىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. تەپسىلىي كۆزەتمىگەندە، بۇنداق ماقالە ـ ئەسەرنى يېزىپ چىقىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

ئاپتور ئالدى بىلەن باھاردا نېمە ئۈچۈن بېيجىڭدا ئاشۇنداق غەلىتە شامال چىقىدىغانلىقىنى بايان قىلغان، ئۇ سېرىق قۇمنى ئۇچۇرتۇپ چىقىدىغان شامالنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تۇتقان. ئارقىدىنلا، ئۇ ئۆي ـ ئىمارەتلەر سىرتىدىكى دەھشەتلىك شامالنى بايان قىلغان؛ يەنە ئۆي ئىچىدىكى ئەھۋالنى بايان قىلغان؛ ئاندىن دەھشەتلىك شامالنىڭ قاز-

داق كېلىدىغانلىقى، قانداق كېتىدىغانلىقىنى؛ ئاخىرىدا «مەن»نىڭ تۇغۇلغان كۈنى شامال چىقمىغانلىقىنى بايان قىلغان.

ئۇ قانداق تەپسىلىي كۆزەتكەن؟ ئۇ سېرىق قۇمنى ئۇچۇرتۇپ چىققان شامالدىن سېرىق قۇم بىلەن قارا توپىنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىدىن بولغان قۇم چېكى ھاسىل بولغانلىقىنى كۆزەتتى، چاڭ «كونا نورىنى توسۇۋالدى. قۇياش تۇرغان يېرىدە خۇددى قېتىپ قالغان قان پارچىسىدەك، سېرىق رەڭ ئىچىدىن قىزىرىپ كۆرۈندى» دەيدۇ. بۇ، رەڭ جەھەتتىن تەپسىلىي كۆزەتكەنلىك. ئۇ- ئىمارەتلەر سىرتىدىكى شامالنى تەسۋىرلەشتە، بىنا، لاتا ۋىۋىسكا، دەرەخ شاخلىرى، قۇرۇق تۇخۇمەك ئۇرۇقلىرى، قاغا چاڭگىلىرى، كۆل رەڭ توپا، شۇنىڭدەك كىشىلەرنىڭ كوچىدا قانداق يۈرگەنلىكى، ھەتتا بۇرنىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئاققان كۆز ياشلىرىدىن ئىككى لاي ئېرىقچە ھاسىل بولغانلىقىنىمۇ كۆزەتكەن. ئۇ ئىچىدىكى ئەھۋالنى تەسۋىرلەشتە، ئۆينىڭ تەۋرىنىۋاتقانلىقى، ھەممىلا يەرنى كۆل رەڭ توپا قاپلىغانلىقى، شۇنىڭدەك دۇفۇ بوتقىسى قاينىتىدىغان قازاننىڭ ئەھۋالىنىمۇ كۆزەتكەن. دېمەك، شەيئىلەرنى كۆزىتىش ئارقىلىق شامالنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. ئاپتورنىڭ شامالنىڭ كەلگەن - كەتكەنلىكىنى كۆزەتكەنلىكىگە كەلسەك، ئۇ شەيئىلەرنى كۆزىتىپلا قالماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىنىمۇ تەسۋىرلىگەن. ئاخىرىدا ئۇ بەزىدە كۆرۈلىدىغان شامالسىز ھاۋا رايىنىمۇ تەسۋىرلىگەن. ئۇ شىمالغا قايتقان تورنىلارنى، شۇنىڭدەك ئاراشلىرىدىن بىر توپ ياپيېشىل، يۇمران ئەمەن

يوپۇرماقلىرىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىققانلىقىنى ، بۇ ، كىشىلەرگە باھار مانا بۇ يەردە ، دەۋاتقاندەك كۆرۈنگەنلىكىنى كۆزەتكەن .

بىز بۇ تېكىستتىن قانداق تەپسىلىي كۆزىتىش كېرەكلىكىنى ئۆگىنىۋالالايمىز . بىرىنچىدىن ، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شەيئىلەرنى تاللاپ ، تەپسىلىي كۆزىتىش كېرەك ؛ ئىككىنچىدىن ، كۆزەتكەن شەيئىلەرنى باغلاشتۇرۇپ ، مەلۇم بىر مەنىنى مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلەش زۆرۈر ؛ ئۈچىنچىدىن ، ئالاھىدە ھېسسىيات بىلەن كۆزىتىش ، ھېسسىياتلىق بايان قىلىش كېرەك . شۇنداق قىلغاندىلا ، كۆرگەن - ئاڭلىغان ۋە ئويلىغانلارنى باغلاشتۇرغىلى بولىدۇ ، يېزىلغان ئەسەر پەقەت مەنزىرە كۆزىتىلگەن ئەسەر بولغان تەقدىردىمۇ ، كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرەلەيدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى مەشىق

1 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، ھەر گۇرۇپپىدىكى ئۈچ جۈملىنىڭ مۇناسىۋىتىگە دىققەت قىلىڭ :

1 ) مەن ئۇنى چاقىردىم . ئۇ قايتىپ كەلدى .

مەن ئۇنى چاقىرىپ ، قايتۇرۇپ كەلدىم .

2 ) مۇئەللىم كۆپچىلىكتىن تەلەپ قىلدى . كۆپچىلىك پىكىر بايان قىلدى .

مۇئەللىم كۆپچىلىكتىن پىكىر بايان قىلىشنى تەلەپ قىلدى .

3 ) بىز بەختىيار مۇئەللىمنى تەكلىپ قىلدۇق . بەختىيار مۇئەللىم ھېكايە سۆزلەپ بەردى .

بىز بەختىيار مۇئەللىمنى ھېكايە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدۇق .

2 . تۆۋەندىكى ئىككى ئابزاسنى مۇۋاپىق تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇپ كۆچۈرۈڭ :

ئىلگىرى ماقالە يازغاندا باشقىلارنىڭ ماقالىلىرىدىن پايدىلىناتتىم ياكى تەييار كۆچۈرۈۋالاتتىم ئۆزۈم مېڭە ئىشلەتمەيتتىم ئەپلەپ قۇراشتۇرۇپ قوياتتىم مۇئەللىم ماقالەمنىڭ ئاخىرىغا ھەقىقىي ئىشلارنى ئۆز تىلىڭىز بىلەن يېزىڭ دەپ يېزىپ قوياتتى كېيىن ئۆز تىلىم بىلەن ھەقىقىي ئىشلارنى يېزىپ كۆردۈم دەرۋەقە يازغانلىرىم ياخشى بولۇپ ماقالە يېزىشتا ئالغا باستىم

بۇ جەرياندا مەن بىرنەچچە ئىشنى يەكۈنلەپ چىقتىم 1- ماقالە

يازغاندا باشقىلارنىڭكىدىن قالايمىقان كۆچۈرمەي ئۆز تەسىراتلىرىنى ئۆز تىلى بىلەن يېزىش كېرەك، 2-ئادەتتە ئەتراپتىكى شەيئىلەرگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈپ كۆپ كۆرۈش، كۆپ مۇلاھىزە قىلىش كېرەك. 3-ماقالە يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزى قانائەت ھاسىل قىلغانغا قەدەر كۆپ تۈزىتىش كېرەك،

3. ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان بىر خىل ھايۋاننى كۆزىتىڭ، ئۇنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنى مەركەز قىلىپ، كۆر-گەن ئەھۋاللىرىڭىزنى كونكرېت ھالدا يېزىپ چىقىڭ.

8328877

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 13 . جەن تيەنيۇ

1 جەن تيەنيۇ مەملىكىتىمىزنىڭ مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر ئىنژېنېرى . بېيجىڭدىن جاڭجياكۇغا قەدەر بولغان تۆمۈر-يول ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ياساپ چىقىلغانىدى . بۇ ئېلىمىزنىڭ ئىنژېنېر - تېخنىك خادىملىرى لايىھىلەپ ياساپ چىققان تۇنجى تۆمۈريول غول لىنىيىسى ئىدى .

2 بېيجىڭدىن جاڭجياكۇغا قەدەر بولغان تۆمۈريول 200 كىلومېتىر بولۇپ ، شىمالىي جۇڭگو بىلەن غەربىي شىمال-نى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنى . ئەينى ۋاقىتتا ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تۆمۈريول ياساش پىلانىنى ئوت-تۇرىغا قويۇش بىلەنلا بەزى جاھانگىر دۆلەتلەر ئۇنىڭغا توس-قۇنلۇق قىلغان ، ئۇلار بۇ تۆمۈريولنى ياساش ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ ، مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كونترول قىلىش كويىدا بولغانىدى . جاھانگىرلارنىڭ ھېچقايسىسى بىر - بىرىگە يول قويۇشنى خالىمايتتى ، بۇ ئىش ئۇستىدە خېلى ئۇزاققىچە تالاش-تارتىشلار بولسىمۇ ، ھەل بولمىدى . ئاخىرىدا ئۇلار مۇنداق بىر شەرتنى ، يەنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆز دۆلىتى-نىڭ ئىنژېنېرىغا تايىنىپ تۆمۈريول ياسايدىغان بولسا ، بىز ئۇنىڭغا ئارىلاشمايمىز ، دېگەن شەرتنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئۇلار بىز مۇشۇنداق بىرلا پوپوزا قىلىدىغان بولساق ، تۆ-

مۇريول قۇرۇلۇشىنى باشلاشقا ئامالسىز قىلىپ، ئاخىر يەنىلا بىزدىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ، دەپ قارىدى. جاھاڭگىرلار تامامەن خاتا ئويلىغانىدى، ئۇ چاغدا جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ ئىنژېنېرلىرى يېتىشىپ چىققان بولۇپ، جەن تيەنيۇ شۇلارنىڭ بىرى ئىدى.

1905 ـ يىلى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جەن تيەنيۇنى بېيجىڭدىن جاڭجياكۇغا قەدەر بولغان تۆمۈريولنى ياساپ چىقىشقا باش ئىنژېنېر قىلىپ بەلگىلىدى. بۇ خەۋەر تارقىلىش بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. كۆپچىلىك: بۇ تولىمۇ شەرەپلىك ئىش بولدى، دېيىشتى. لېكىن، جاھانگىرلار بۇنى كۈلكىلىك ئىش، دەپ قارىدى. بىر چەت ئەل گېزىتى مەنسىتمىگەن ھالدا: «نەنكۇنىڭ شىمالىغا تۆمۈريول سالالايدىغان جۇڭگو ئىنژېنېرى تېخى تۇغۇلغىنى يوق» دېدى. ئەسلىدە نەنكۇدىن شىمالدىكى جۇيۇڭگۇەن ئارقىلىق بادالىڭغا بارىدىغان بۇ يول باشتىن-ئاياغ ئېگىز تاغ، چوڭقۇر جىلغا ۋە تىك ھاڭلاردىن ئۆتەتتى. ئۇلار چەت ئەل ئىنژېنېرلىرى چېغىدا بۇنىڭغا تۇتۇش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان تۇرسا، جۇڭگولۇقلار قانداقمۇ بۇنداق قۇرۇلۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىسۇن، دەپ قاردى.

3 جەن تيەنيۇ جاپا ـ مۇشەققەت ۋە مەسخىرىلەردىن قورقماي، ۋەزىپىنى قەيسەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ، يول لىنىيىسىنى چارلاشقا باشلىدى. قەيەرلەردىكى تاغلارنى پارتلىتىش كېرەكلىكى؛ قەيەرلەرگە كۆۋرۈك سېلىش كېرەكلىكى، قەيەرلەردىكى تىك قاپتاللارنى چېپىپ تۈزلەش كېرەكلىكى، قەيەرلەردىكى چوڭ ئەگمىلەرنى كىچىك ئەگ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ـمىلەرگە ئۆزگەرتىش كىرەكلىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىـ
نى ئەتراپلىق ، پۇختا ھېسابلاپ چىقتى . جەن تيەنيۇ خىزـ
مەتچى خادىملارنى دائىم رىغبەتلەندۇرۇپ : «بىز تەييارلىقنى
پۇختا ئىشلىشىمىز لازىم ، قىلچىلىك بىپەرۋالىق قىلىشقا
بولمايدۇ ، ‹تەخمىنەن› ، ‹ئاساسەن› دېگەندەك سۆزلەر
ئىنژېنېرلارنىڭ ئاغزىدىن چىقماسلىقى شەرت» دەپ تۇراتـ
تى . ئۇ شاگىرت ۋە ئىشچىلارغا شەخسەن ئۆزى باشچىلىق
قىلىپ ئۆلچەش خادىمى ، ئۆلچىگۈچ ، يەنى تېئودولىت قاـ
تارلىق ئەسۋابلارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ، تىك قىيالارنىڭ ئۈسـ
تىگە چىقىپ ، نۇقتىلارنى بەلگىلەش ، پىلان سىزىش (يولـ
نىڭ چېرتيوژىنى سىزىش ) ئىشلىرىنى قىلدى . سەددىچىن
سېپىلىنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا دائىم قاتتىق بوران چىقـ
ـىپ ، پۈتكۈل ئاسماننى توپا- چاڭ قاپلاپ كېتەتتى ، سەلـ
پەل دىققەتسىزلىك قىلىنسىلا ، چوڭقۇر ھاڭ تېگىگە چۈـ
شۈپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى . جەن تيەنيۇ شارائىت ھەرـ
قانچە يامان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، دالىدا يۈرۈپ ئىشـ
لەشنى باشتىن - ئاياغ قەتئىي داۋاملاشتۇردى . كۈندۈزى
ئېگىز تاغ چوققىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ يول لىنىيىسىنى
چارلىسا ، كېچىلەردە چىراغ يورۇقىدا ئولتۇرۇپ خەرىتە
سىزاتتى ، ھېسابلايتتى . ئۇ مۇۋاپىق بىر لىنىيىنى تېپىش
ئۈچۈن ، دائىم شۇ جايدىكى دېھقانلاردىن مەسلىھەت ئالاتتى .
قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ، ئۇ ھامان بۇ جۇڭگولۇقلار ئۆزلىـ
ـرى ياساۋاتقان تۇنجى تۆمۈريول ، شۇڭا بۇنى چوقۇم ئوبدان
ياساپ پۈتكۈزۈشىمىز لازىم ، ئۇنداق قىلمىغاندا ، ئەجنەبىيـ
لەرنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچراپلا قالماي ، بەلكى جۇڭگو ئىنـ
ژېنېرلىرىنىڭ ئىشەنچىسىنىمۇ يوقىتىپ قويۇشىمىز مۇمـ

كىن ، دەپ ئويلايتتى .
تۆمۈريول لىنىيىسىنى بەكمۇ كۆپ ئېگىز تاغلاردىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلەتتى ، شۇڭا تۇننېل تەشمەي بولمايدۇ. تى ، بۇنىڭ ئىچىدە جۈييۇڭگۇەن ۋە بادالىڭ تۇنېللىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئەڭ جاپالىق ئىدى . جۈييۇڭگۇەننىڭ تاغلىرى ئېگىز ، تاش قاتلاملىرى قېلىن بولغاچقا ، جەن تيەنيۇ ئىك. كى تەرەپتىن بىرلا ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا قاراپ تېشىپ كىرىش چارىسىنى قوللاندى . تاغ ئۈستىدىكى بۇلاق سۇلىرى تاغ ئاستىغا سىڭىپ كىرگەنلىكتىن ، تۇنېلنىڭ ئىچى پۈتۈنلەي پاتقاق بولۇپ كېتەتتى . ئىش مەيدانىدا سۇ چىقىرىش ناسو. سى يوق ئىدى .



جەن تيەنيۇ ئۆزى باشلامچىلىق قىلىپ چېلەك بىلەن سۇ چىقاردى . ئۇ ھەمىشە ئىشچىلار بىلەن تاماقتا ، ياتاقتا بىللە ئىدى ، ئىش مەيدانىدىن ئايرىلمايتتى . بادالىڭ تۇنېلىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇزۇنلۇقى 1100 مېتىردىن ئارتۇق بولۇپ ، جۇيىۋگۇەن تۇنېلىدىن ئۈچ ھەسسە ئۇزۇن ئىدى . ئۇ پېشقەدەم ئىشچىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، تۇنېلنىڭ ئوتتۇرىسىدىن قۇدۇق قېزىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش قارارىغا كەلدى ، يەنى تاغ ئۈستىدىن تۆۋەنگە قارىتا ئىككى تىك قۇدۇق قېزىپ چۈشۈپ ، ئاندىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىككى تەرەپكە قاراپ قېزىش قارارىغا كەلدى . شۇنداق قىلىپ ، ئىش مەيدانى بىرلا ۋاقىتتا ئىش باشلاپ ، تۇنېل قېزىش ۋاقتىنى بىر ھەسسە قىسقارتتى .

ط پويىز چىڭلۇڭچياۋ كۆۋرۈكى ئەتراپىدىن ئۆتكەندە ناھايىتى چوڭ داۋانغا توغرا كېلەتتى . پويىز قانداق قىلغاندا مۇشۇنداق تىك داۋاندىن ئۆتەلەيدۇ ؟ جەن تيەنيۇ تاغنىڭ تۇزۇلۇش شارائىتىغا قاراپ ، بىر خىل «ئاچا يول» شەكىللىك لىنىيىنى لايىھىلەپ چىقتى . شىمالغا بارىدىغان پويىز نەنكۇغا يېتىپ بېرىش بىلەن ئىككى پاراۋوز ئىشقا سېلىنىدۇ ، پاراۋوزنىڭ بىرى ئالدىدىن سۆرەيدۇ ، يەنە بىرى كەينىدىن ئىتتىرىدۇ . چىڭلۇڭچياۋ كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندە ، پويىز شەرقىي شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ ، «ئاچا يول» شەكىللىك لىنىيىنىڭ ئېغىزىدىن ئۆتۈپلا كەينىگە قايرىلىدۇ ، ئەسلىدىكى ئىتتىرىدىغان پاراۋوز تارتىدىغان پاراۋوزغا ، تارتىدىغان پاراۋوز ئىتتىرىدىغان پاراۋوزغا ئايلاندۇرۇلىدۇ ، پويىز غەربىي شىمالغا قاراپ ماڭىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، پويىزنىڭ تاغدىن ھالقىشى كۆپ دەرىجىدە ئاسانلىشىدۇ .

ر 7 بۇ تۆمۈريولىنىڭ پۈتۈن لىنىيىسى تۆت يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئەسلىدىكى پىلاندىن ئىككى يىل بۇرۇن پۈت-

كۆزۈلدى . بۇ ، جۇڭگونى مەنسىتمەيدىغان جاھانگىرلارغا
بېرىلگەن كۈچلۈك زەربە بولدى . بۇگۈنكى كۈندە بىز پو-
يىزغا چۈشۈپ بادالىڭغا بېرىشتا چىڭلۇڭچياۋ بېكىتىدىن
ئۆتىمىز ۋە ئۇ يەردە تۇش ھەيكەلنى كۆرىمىز ، ئەنە شۇ
ھەيكەل جەن تيەنيۇنىڭ ھەيكىلى . جۇڭگوغا زىيارەت قىلغى-
لى كەلگەن كۆپلىگەن چەت ئەللىك مېھمانلار جەن تيەنيۇ
قالدۇرۇپ كەتكەن بۈيۈك قۇرۇلۇشنى ئېكسكۇرسىيە قى-
لىپ ، قايىللىق بىلەن ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختاشماقتا .

## كۆنۈكمە

1 . تېكىستنى تەپسىلىي ئوقۇپ ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا
جاۋاب بېرىڭ :

1 ) جەن تيەنيۇ بېيجىڭ - جاڭجياكۇ تۆمۈريولىنى
ياساشقا قاچان رىياسەتچىلىك قىلغان ، ئۇ ئىش قانداق شارا-
ئىتتا ئېلىپ بېرىلدى ؟

2 ) بېيجىڭ - جاڭجياكۇ تۆمۈريولىنى ياساشتا قانداق
قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىدى ؟ ئۇ قىيىنچىلىقلارنى قانداق
يەڭدى ؟

3 ) نېمە ئۈچۈن بۇ تۆمۈريولنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك
ياسىلىشى جۇڭگونى مەنسىتمەيدىغان جاھانگىرلارغا بېرىل-
گەن كۈچلۈك زەربە بولدى ، دەيمىز ؟

2 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ مەنىسىنى سۆزلەپ بېرىڭ
ۋە ئاستى سىزىلغان سۆز - ئىبارىلەرگە دىققەت قىلىڭ :

1 ) بىر چەت ئەل گېزىتى مەنسىتمىگەن ھالدا : «نەن-
كۇنىڭ شىمالىغا تۆمۈريول سالالايدىغان جۇڭگو ئىنژېنېرى
تېخى تۇغۇلغىنى يوق» دېدى .

2 ) جەن تيەنيۇ خىزمەتچى خادىملارنى دائىم رىغبەتلەندۈرۈپ : «بىزنىڭ تەييارلىقنى پۇختا ئىشلىشىمىز لازىم ، قىلچىلىك بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ ، ‹تەخمىنەن› ، ‹ئاساسەن› دېگەندەك سۆزلەر ئىنژېنېرلارنىڭ ئاغزىدىن چىقماسلىقى شەرت» دەپ تۇراتتى .

3 ) قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ، ئۇ هامان بۇ جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرى ياساۋاتقان تۇنجى تۆمۈريول ، شۇڭا بۇنى چوقۇم ئوبدان ياساپ پۈتكۈزۈشىمىز لازىم ، ئۇنداق قىلمىغاندا ، ئەجنەبىيلەرنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچراپلا قالماي ، بەلكى جۇڭگو ئىنژېنېرلىرىنىڭ ئىشەنچىسىنىمۇ يوقىتىپ قويۇشىمىز مۇمكىن ، دەپ ئويلايتتى .



## 14 . ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار[①]

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئانا دىيارىمىز شىنجاڭ يەنىلا ئىنتايىن قالاق ھالەتتە ئىدى . يا بىرەر زاۋۇت ، يا بىرەر مەكتەپ ، يا بىرەر دوختۇرخانا ، يا بىرەر گېزىت ـ ژۇرنال يوق ئىدى . كىشىلەر ئات ، تۆگە ، قېچىر ، ئۆكۈز ۋە ئېشەكنى قاتناش قورالى قىلاتتى . ئېتىز ـ ئېرىقنىڭ ئىشلىرىنىمۇ ھايۋان كۈچىگە تايىنىپ تاماملايتتى . قارا قىشنىڭ ئۇزاق كېچىلىرىدە سۇ ماي بىلەن ياندۇرۇلىدىغان قارا چىراغنى پىلىلدىتىپ يورۇتۇپ قويۇپ ، تۈگىمەس ھېكايە ـ چۆچەكلەرنى ئېيتىپ زېرىكىشلىرىنى بېسىشاتتى .

خەلقنىڭ تۇرمۇشى نامرات بولغانىنىڭ ئۇستىگە روھىمۇ بەك نادان ئىدى .

① بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى يالقۇن روزى .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەكسىچە ، شۇ يىللاردا باشقا ئەللەر ، بولۇپمۇ ياۋروپا دۆلەتلىرى بەس ـ بەستە سانائەتلىشىپ كونسايىن تېز تەرەققىي قىلماقتا ئىدى . زاۋۇت ـ فابرىكىلار ، ماشىنا ـ پاراخوتلار ، مەكتەپ ـ دوختۇرخانىلار ، گېزىت ـ ژۇرناللار ، رادىئو ـ پاتېفونلار ، ئېلېكتىر چىراغلار جەمئىيەتتە ئادەتتىكى نەرسىگە ئايلىنىپ ، خەلق تۇرمۇشىدا مىسلىسىز قۇلايلىقلارنى ياراتماقتا ئىدى .

كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى يىلدىن ـ يىلغا باياشاتلىنىپ ، پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسى جۇش ئۇرۇپ ئۆسمەكتە ئىدى .

شۇ يىللاردا ئاز بىر قىسىم ئۇيغۇر مىليونېرلىرى تىجارەت ئېھتىياجى بىلەن باشقا دۆلەتلەرگە چىقىپ تۇراتتى . ئۇلار ئۆزگە ئەللەرنىڭ گۈللەپ ـ ياشناۋاتقان مەنزىرىسىنى كۆرگەندە ئۆز يۇرتىنىڭ ئېچىنىشلىق رېئاللىقى بىلەن سېلىشتۇرۇشۇپ ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتىنەتتى . شۇلارنىڭ ئارىسىدا روسىيىلىك سودىگەرلەر بىلەن كۆپ سودا قىلىشىپ «مۇسابايېفلار» دەپ تونۇلغان هۇسەن باي ۋە باۋۇدۇن باي ئىسىملىك ئاكا ـ ئۇكا سودىگەرلەرمۇ بار ئىدى . ئۇلار تولىمۇ غەيرەت ـ جاسارەتلىك ، پەم ـ پاراسەتلىك ، ئىنساپ ـ ديانەتلىك كىشىلەر بولۇپ ، دادىسى مۇسابايىنىڭ ياخشى تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەنىدى . مۇساباي بۇ ئوغۇللىرىغا دائىم «پۇلنىڭ خوجىسى بولماي ، بىلىمنىڭ خوجىسى بولۇڭلار» دەپ نەسىھەت قىلاتتى . شۇڭا ، ئۇلار ئانا دىيارىنىڭ ياۋروپادەك تەرەققىي قىلغان مەنزىرىسىنى كۆرۈشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى . ھەمىشە بۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنەتتى .

1903 ـ يىلى ھۆسەن باي تەكلىپكە بىنائەن موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق يەرمەنكىگە قاتناشقىلى بارىدۇ . ئۇ يەرمەنكىدە ياۋروپالىق سودىگەرلەرنىڭ خىلمۇخىل سانائەت ماللىرىغا ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىن ئېلىپ چىققان قول ھۈنىرى بىلەن بەكمۇ ئاددىي ، قالاق ئۇسۇلدا ئىشلەنگەن يەرلىك ماللىرىنى سېلىشتۇرۇپ ، كۆڭلى مەيۈسلىنىدۇ . يەرمەنكە تۈگىگەندە ئۇ گېرمانىيە ، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېرىپ بىرنەچچە ئاي تۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ زاۋۇت ـ فابرىكىلىرىنى ، مەكتەپ ، دوختۇرخانىلىرىنى كۆرىدۇ . ئۇ ئالدى بىلەن زاۋۇت قۇرۇپ ، سانائەتنى ئىگىلەش زۆرۈرلۈكىنى ، سانائەتنىڭ بىر دۆلەتنىڭ ، بىر مىللەتنىڭ قۇدرىتىنىڭ نامايەندىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ . ئۇ گېرمانىيىدىكى «مېيۇنخېن كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى »نى تەكشۈرگىلى بارغاندا دىرېكتورغا مۇشۇنداق بىر زاۋۇت قۇرۇش خىيالى بارلىقىنى ئېيتىدۇ .

— قەيەردە قۇرىسىز ؟ — دەپ سورايدۇ دىرېكتور .

— ئىلىدا قۇرىمەن ، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ ھۆسەن باي .

دىرېكتور دەرھال تامدا ئېسىقلىق دۇنيا خەرىتىسىگە قاراپ ، بېشىنى چايقىغان ھالدا :

— ئارىلىق بەك يىراق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈز يول يوق ، زاۋۇتنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ئېغىر ، ئۇنى پەقەت پويىز ، پاراخوت بىلەنلا يۆتكىگىلى بولىدۇ . سىلەردە يول يوق ، تېخنىك يوق ، ئىنژېنېر يوق ، تېخىمۇ مۇھىمى توك يوق ، ئېلېكتر ئىستانسىسى يوق يەرگە بۇنداق چوڭ زاۋۇت قۇرۇش قۇرۇق خىيال ، — دەيدۇ .

هۆسەن باي ئۆز ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇچۇن بارلىق ئىمكانىيەت ئۇستىدە باش قاتۇرىدۇ. كۇتمىگەن - كۇتمىگەن قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىدۇ.

ئاخىر كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى بىلەن ئاياغ كىيىم زاۋۇتىنى ھەم توك چىقىرىدىغان گېنېراتوردىن بىرنى سېتىۋالماقچى بولىدۇ.

توختام تۇزىدىغان چاغدا قارشى تەرەپ «قولىڭىزدا يا ھۆكۈمىتىڭىزنىڭ ئالاقىسى يوق ئىكەن، يا چەت ئەلدە شىركىتىڭىز يوق ئىكەن، توختاملىششقا سالاھىيىتىڭىز توشمايدىكەن» دەپ توختاملىششقا ئۇنىمايدۇ. ھۆسەن باي بىر ئامالىلارنى قىلىپ ئىستانبۇل شەھىرىدىن باغداتقا بارىدىغان تۆمۈريولنى ياساشنى ھۆددىگە ئالغان گېرمانىيە تۆمۈريول شىركىتىنىڭ 400 مىڭ تىللالىق پاي چېكىنى سېتىۋېلىپ، بۇ شىركەتنىڭ پايچىلىق گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشىپ، توختام تۇزۇش سالاھىيىتىگە ئېرىشىدۇ ھەمدە 500 مىڭ تىللا پۇلنى زاكالەت قويۇپ يۇرتىغا قايتىدۇ.

1904 - يىلى ئەتىيازدا ئۇ غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئىنىسى باۋۇدۇن باينى غۇلجىغا چاقىرتىپ:

— ئىنىم، سەن چەت ئەللىكلەر بىلەن ئالاقە قىلىشقا باشى.① مەن گېرمانىيىلىكلەر بىلەن زاۋۇت سېتىۋېلىشنى توختاملىشىپ كەلدىم. سەن دەرھال گېرمانىيىگە بېرىپ زاۋۇتنى ئېلىپ كېلىشنىڭ ئامالىنى قىل. روسىيە تەۋەلىكىدىن ئۆتىدىغان گەپ. رۇسلارنىڭ پەيلىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن، — دەيدۇ. باۋۇدۇن باي تەمكىنلىك بىلەن:

---

① باشى — ماھىر، ئۇستا دېگەن مەنىدە. شېۋە سۆز.

— ئاكا، كونىلار «يولۋاس ئىزىدىن ياناس، يىگىت سۆزىدىن» دەپتىكەن. زاۋۇت قۇرۇش خەلققە پايدىسى تېگىدىغان چوڭ ئىش. زاۋۇت قۇردۇق دېگەن گەپ، تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيىلەيدىغان مەكتەپ قۇرمىساق بولمايدۇ، دېگەن گەپ. دېمەك، بىز ھەم سانائەت بىلەن، ھەم مەردپەت بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ يولىغا ئاتلىنىپتۇق. پۇلنى تاپسىلا ھېساب ئەمەس. كىم ئۈچۈن، نېمە مەقسەتتە خەجلەشنى بىلىش ھەممىدىن مۇھىم. بۇ ئىشنىڭ جاپاسى قانچىلىك بولسا بولسۇن، بولدى مەن ئۈستۈمگە ئالدىم. مۇشۇ ھەپتىلا يولغا چىقاي، — دەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ، 1904 ـ يىلى قار لەپىلدەپ يېغىپ تۇرغان بىر كۈنى باۋۇدۇن باي «گېرمانىيە سانائەت شىركىتى»نىڭ ئىشخانا بىناسىغا كىرىپ كېلىدۇ. ئۇنى كۈتۈۋالغان پايىنەك باش لىدىر ئويلىمىغان يەردىن:

— ئەپەندىم، بىزنىڭ قول ئاستىمىزدىكى زاۋۇتلار ئۇقۇشماي ئاكىڭىزدىن زاكالەت پۇل ئېلىپ قويۇپتۇ. بىزنىڭ قانۇنىمىزدا «دۆلەتنىڭ تۈۋرۈك سانائەتلىرىنى دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى ۋە ئامانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ چەت ئەللەرگە، قوشنا دۆلەتلەرگە سېتىپ بېرىشكە، ئۆتنۈپ بېرىشكە، ياساپ بېرىشكە بولمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. شۇڭا، زاكالەت پۇلىڭىزنى قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇرمىز،— دەيدۇ. باۋۇدۇن باي چېچەنلىك بىلەن:

— گېرمانىيىدە قانۇننىڭ كۈچى كۈچلۈك، ھۆرمەتلىك ئەپەندىم، بىز قانۇن بويىچە توختاملاشقان. شۇڭا، توختام بويىچە بولسۇن. بىز گېرمانىيە دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتىگە ياكى بىخەتەرلىكىگە زىيان سالمايمىز. زاۋۇتنى قۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رۇش ، ئىشقا كىرىشتۇرۇش ، تېخنىكلارنى تەربىيىلەشكە يەنىلا گېرمانىيىلىكلەرنى تەكلىپ قىلىمىز . ئارتۇقچە ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق ، — دەيدۇ .

ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت بىرەر سائەت داۋاملىشىپ ، ئاخىر لىدىر باۋۇدۇن باينىڭ تەلىپىگە قوشۇلىدۇ . ئۇ :

— زاۋۇت قۇرۇش ئىشىڭىزغا بىز قوشۇلۇپ ، ياردەم قىلغان بىلەن چارروسىيە ھۆكۈمىتى يول قويمايدۇ . ئۇلار بىلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىڭلارنى خالاپ كەتمەيدۇ . شۇڭا ، زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى روسىيە زېمىنى ئارقىلىق توشۇشۇڭلارغا قوشۇلماسلىقى مۇمكىن ، — دەيدۇ . باۋۇدۇن باي :

— ئاكام گېرمانىيە تۆمۈريول شىركىتىنىڭ پايچىسى ، شۇڭا ئۈسكۈنىلەرنى ئۈمىسكى شەھىرىگە پويىزدا يەتكۈزۈپ بېرىش توغرۇلۇق ئۇلار بىلەن سۆزلەشمەن . ئۇلار شىركەت نامىدىن چارروسىيە بىلەن سۆزلىشىدۇ ، — دەيدۇ .

گېرمانىيە سانائەت شىركىتى توختام بويىچە زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى 1906 - يىلى يۆتكۈزۈپ بېرىدۇ . ئىككى يىلغا سوزۇلغان سۆھبەت ۋە تىرىشچانلىقلار ئۈنۈم بېرىدۇ . چارروسىيە ھۆكۈمىتىمۇ ئۈسكۈنىلەرنى ئۈچ ئاي ئىچىدە روسىيە زېمىنىدىن توشۇپ ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە قوشۇلىدۇ . ئۇنداق بولمىسا مۇسادىرە قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ . ئۈسكۈنىلەر پويىز بىلەن 4000~5000 كىلومېتىردەك مۇساپىنى بېسىپ ، قاتمۇقات تەكشۈرۈشلەردىن ئۆتۈپ 15 كۈن بولغاندا قازاقىستاننىڭ شىمالىغا جايلاشقان ئۈمىسكى شەھىرىگە يەتكۈزۈلىدۇ . ئەمما ، ھېلىگەر چار روسىيە

ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرى پادىشاھ ئالىيلىرى ئىمزا قويغان ياكى باش قوماندان جانابلىرى قول قويغان بۇيرۇق بولمىسا بولمايدۇ ، دەپ باۋۇدۇن باينىڭ قولىدىكى «چارروسىيە قاتناش ترانسپورت شىركىتىنىڭ توختامنامىسى»نى ۋە «چارروسىيە سانائەت كومبىناتىنىڭ رۇخسەتنامىسى»نى ئىناۋەتكە ئالغىلى ئۇنىمايدۇ .

قەيسەر ئىرادىلىك ، تەدبىرلىك باۋۇدۇن باي روسىيە تەرەپنىڭ قەستىنى پەملەپ دەرھال كەينىگە قايتىپ پېتېربۇرگقا بېرىپ مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كونسۇلىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ ، 1881 ـ يىلى ئىمزالانغان «جۇڭگو ـ روسىيە ئىلى شەرتنامىسى» دا بەلگىلەنگەن «جۇڭگونىڭ چەت ئەللەردىن ئىمپورت قىلغان ماللىرى روسىيە زېمىنى ئارقىلىق ئۆتۈشكە ، روسىيىنىڭ چەت ئەللەردىن ئىمپورت قىلغان ماللىرى جۇڭگو زېمىنى ئارقىلىق ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ» دېگەن ماددىسى بويىچە ئوتتۇرىغا چىقىپ ، رۇخسەت ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ . ھەپتىلەپ سۆزلىشىش ئارقىلىق چارروسىيە ھۆكۈمىتى ئاخىر ئىلاجسىز ئالاھىدە رۇخسەتنامە يېزىپ بېرىدۇ .

ئۇسكۇنىلەر ئومىسكىدىن پاراخوتقا قاچىلىنىپ ئېرتىش دەرياسى ئارقىلىق 1000 كىلومېتىرغا يېقىن يول يۈرۈپ ، قازاقىستاننىڭ سىبىرىيە تەرەپتىكى مۇھىم شەھىرى سىمپولاتىنسكىغا يەتكۈزۈلىدۇ .

سىمپولاتىنسكىدىن ئىلىغا يېقىن يەركەت شەھىرىگە بارىدىغان 1000 كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپە ناھايىتى ئېگىز ـ پەس ، ئەگرى ـ بۈگرى بولغاچقا ، قاتناش قۇلايسىز ئىدى . ئېغىر ئۇسكۇنىلەرنى باسقان چوڭ تىپتىكى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاپتوموبىللار بۇ يولدا ماڭالمايتتى. باۋۇدۇن بايلار قاتناش شارائىتىنى تەھلىل قىلىپ، ئېغىر ئۇسكۇنىلەرنى يۆتكەشكە بولىدىغان 50 تىن ئوشۇق هارۋا ياسىتىدۇ. ئۇسكۇنىلەرنى هارۋىلارغا يەم بىلەن چۇۋۇپ قاچىلاپ، ئىككى يۈزگە يېقىن ئات - ئۆكۈزنى هارۋىغا قېتىپ، بىرەر يۈزدەك هارۋىكەش ۋە ياردەمچىلەرنى ياللاپ يولغا چىقىدۇ. گېرمانىيىدىن بىللە كەلگەن 20 گە يېقىن هەمراهى بىلەن بىرەر يۈزدەك هارۋىكەش ياردەمچىلەردىن تەشكىل تاپقان بۇ زور-كارۋان دالىلاردا تۈنەپ، يامغۇر - يېشىن، بوران - چاپقۇنلاردا قىيىنىلىپ، ئوي - دۆڭ يەرلەرنى تۈزلەپ، يول بويى نۇرغۇن ئورۇنغا كۆۋرۈك سېلىپ، بىرەر ئايچە يول يۈرۈپ مىڭ بىر جاپادا يەركەت شەھىرىگە يېتىپ كېلىدۇ.

يەركەت شەھىرىدە ئۇلارنى غۇلجىدىن كەلگەن هۇسەن باي، يەركەت ۋالىيسى ۋېلى باي يولداشوف ۋە يەركەت شەھىرىدىكى مىڭلىغان ئۇيغۇر قېرىنداشلار قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ.

يەركەت بىلەن غۇلجا شەھىرى ئارىلىقىدىكى 100 نەچچە كىلومېتىرلىق يول تولىمۇ ناچار ئىدى. توپىلىق، كاتاڭلىق هارۋا يولى هەرقانداق هارۋىنىڭ جۇلىقىنى چىقىدىرىۋېتەتتى. يەركەت ۋالىيسى ۋېلى باي يولداشوف يەركەت خەلقىنى بۇ يولنى تۈزلەپ ۋە كەڭرىتىپ ئاكا - ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ بۇ خەيرلىك ئىشىغا ياردەم قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىدۇ. مىڭلىغان ئۇيغۇر ئىشلەمچىلەر بىرەر ئايدىن ئارتۇق جاپالىق ئىشلەپ قورغاسقىچە بولغان يولنى پۈتكۈزىدۇ. قورغاس بىلەن غۇلجا ئارىلىقىدىكى يولنى هۇسەن باي ئىلى دېهقانلىرىنى ياللاپ ئىشلىتىپ تۈزلەيدۇ.

ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ ھەيكىلى ئاتۇشتا ياسالغان




1985-يىلى ياسالغان

1907 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ، كۆز يېتىپ كېلىپ يىپ-
شىللىق ئورنىنى قارامتۇل دالا ئىگىلىگەندە ، ھۈسەن باي
بىلەن باۋۇدۇن باينىڭ ئۇسكۈنىلىرى غۇلجا شەھىرىگە تو-
لۇق توشۇلۇپ بولىدۇ .

ئىككى يىل ئۆتۈپ 1909 ـ يىلىنىڭ دەسلەپكى كۈز
كۈنلىرىگە كەلگەندە زاۋۇت قۇرۇلۇشى ئاخىر پۈتۈپ ، 25
مېتىر ئېگىزلىكتىكى زاۋۇت تۇرخۇنى قەد كۆتۈرىدۇ . زاما-
نىۋى «ئىلى كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى» رەسمىي ئىش باشلاي-
دۇ . «ۋۇ ... ۋۇ ... ۋۇت !» قىلغان دەھشەتلىك گۈدۈك
ئاۋازى ئىلى ئاسمىنىدا ياڭرايدۇ . بىر يىلدىن ئوشۇق مەخ-
سۇس تېخنىكا تەربىيىسى ئالغان يۈز نەپەر تۇنجى ئۇيغۇر
ئىشچى ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ . ئەللىك دانە لامپۇچكا
يورۇتۇلىدۇ . سىخلار ئارا تېلېفون ئالاقىسى ئورنىتىلىدۇ .
نەپىس ئىشلەنگەن كۆن ـ خۇرۇملار مىڭلاپ ـ تۈمەنلەپ
ئىشلەپچىقىرىلىدۇ . ۋالىلداپ تۇرىدىغان سۈپەتلىك ، سىپتا
خۇرۇم ئاياغلار بازارلارنى قاپلايدۇ . ئىلى خەلقى بۇ زاۋۇتنى
«ھۈسەن باينىڭ زاۋۇتى» دەپ ئاتىشىدۇ .

ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار بۇ زامانىۋى زاۋۇتنى ئوڭۇش-
لۇق ماڭغۇزۇش بىلەن بىللە ، غۇلجا شەھىرىدە تۇنجى
«تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى» قۇرىدۇ . 1912 ـ يىلى
«قىز ـ چوكانلار ھۈنەر مەكتىپى» نى قۇرىدۇ . 1914 ـ
يىلى ئانا يۇرتى ئاتۇش ئىكساقتا مەخسۇس ئوقۇتقۇچى تەربى-
يىلەيدىغان «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى»نى قۇ-
رۇپ ، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئۆچمەس مەشئىلىنى ياقى-
دۇ .

ئۇيغۇر خەلقى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئۇل سالغۇ-

چىلىرى ، شىنجاڭ مىللىي بۇرژۇئا سانائىتىنىڭ باشلامچى-لىرى بولغان بۇ ۋەتەنپەرۋەر ئوغلانلىرىنى مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ . ئۇلارنىڭ قەيسەرلىك بىلەن يول ئېچىش روھىدىن ئىلھام ئالىدۇ .

## كۆنۈكمە

1 . ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلارنىڭ زامانىۋى زاۋۇت قۇ-رۇشتىكى مەقسىتى نېمە ؟

2 . ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلار زاۋۇت ئۇسكۇنىلىرىنى گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدىن غۇلجىغا ئېلىپ كەل-گۈچە قانداق مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈردى ، كىملەر توسالغۇ بولدى ، كىملەر ياردەم قىلدى ، نېمە ئۈچۈن ؟

3 . ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلارنىڭ قەيسەر روھىدىن قانداق ئىلھام ۋە تەسىرات ئالدىڭىز ؟ سۆزلەپ بېقىڭ .

4 . ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلار ھەققىدە يەنە قانداق ئىشلارنى بىلىسىز ؟ سۆزلەپ بېقىڭ .

5 . بۇ ئەسەردە مەنىسىنى بىلمەيدىغان قانداق سۆزلەر-نى ئۇچراتتىڭىز ؟ ئۇلارنى دەپتىرىڭىزگە كۆچۈرۈپ ، مەنى-سىنى ئىزدەپ تېپىپ ، ساۋاقداشلىرىڭىزغا ئوقۇپ بېرىڭ .

6 . دۇنيا خەرىتىسىگە قاراپ ، گېرمانىيىنىڭ ميۇن-خېن شەھىرىدىن روسىيىنىڭ ئومىسكى شەھىرىگە ، ئو-مىسكىدىن قازاقىستاننىڭ سىمپولاتىنسكى ، يەركەت شە-ھەرلىرىگە ، ئۇ يەردىن غۇلجا شەھىرىگە بولغان يوللارنى تېپىپ چىقىڭ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېزىقچىلىق

# شۇ ۋاقىت، شۇ جايدىكى ئەھۋالغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

ئەسەرنى ئوقۇغاندا، ئۇنىڭدا قايسى ۋاقىت، قەيەردىكى ۋەقە ۋە شۇ ۋاقىت، شۇ جاينىڭ قانداق ئالاھىدە ئەھۋالى يېزىلغانلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك. ئەگەر ئەسەردە پېر- سوناژلار بولسا، پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ھەم پېرسوناژلار بىلەن ۋاقىت ۋە مۇھىت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكىمۇ دىققەت قىلىش لازىم. شۇ ۋاقىت، شۇ جاي- دىكى ئەھۋالغا ئەھمىيەت بەرگەندە، ئەسەرنى تېخىمۇ ئوب- دان چۈشەنگىلى بولىدۇ.

مەسىلەن، «جەن تيەنيۇ» دېگەن تېكىستتە جەن تيەن- يۇنىڭ بېيجىڭ - جاڭجياكۇ تۆمۈريولىنى ياساشقا رىياسەت- چىلىك قىلغانلىقى سۆزلەنگەن. ئەسەرنىڭ بېشىدىلا ئۇنىڭ ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر ئىنژېنېرى ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بىز جەن تيەنيۇنىڭ قانداق ئەھۋال ئاستىدا بېيجىڭ - جاڭجياكۇ تۆمۈريولىنى ياساشقا رىياسەتچىلىك قىلغانلىقىغا نەزەر سېلىپ باقايلى. ئەسلىدە بېيجىڭ - جاڭجياكۇ تۆمۈريولى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىر- قى يىللىرىدا ياسالغان، ئەينى زاماندا جۇڭگو يېرىم فېئو- داللىق، يېرىم مۇستەملىكە جەمئىيەت بولۇپ، جاھانگىرلار بوزەك قىلاتتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بېيجىڭ -

جاڭجياكۇ تۆمۇريولىنى ياساشنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا ، بەزى جاھانگىر دۆلەتلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ توسقۇنلۇق قىلدى . ئەينى زاماندا ئېلىمىزنىڭ قۇرۇلۇش تېخنىك خادىملىرى كەمچىل بولغاچقا ، جاھانگىرلار مۇشۇ نۇقتىدىن بوغماقچى بولدى . ئەگەر چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تۆمۇريولنى ئۆز ئېلىنىڭ ئىنژېنېرلىرىغا تايىنىپ ياسايدىغان بولسا ، سۈرۈشتە قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى . چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جەن تيەنيۇنى بېيجىڭ ـ جاڭجياكۇ تۆمۇريولىنى ياسايدىغان باش ئىنژېنېر قىلىپ تەيىنلىگەندە ، جاھانگىرلار مەسخىرە قىلىشتى . شۇ ۋاقىت ، شۇ جايدىكى ئەھۋالنى ئويلاپ كۆرەيلى ، يېرىم فېئوداللىق ، يېرىم مۇستەملىكە كونا جۇڭگودا جاھانگىرلارنىڭ بوزەك قىلىشى ۋە تاجاۋۇزىغا ئۇچراۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا ، جەن تيەنيۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ بېيجىڭ ـ جاڭجياكۇ تۆمۇريولىنى ياساشقا رىياسەتچىلىك قىلىشى ھەقىقەتەن ئاددىي ئىش ئەمەس .

جەن تيەنيۇنىڭ بېيجىڭ ـ جاڭجياكۇ تۆمۇريولىنى ياساشقا رىياسەتچىلىك قىلىشتا ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشى شۇ ۋاقىت ، شۇ جايدىكى مۇشۇ ئەھۋاللار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك . كونكرېت ئېيتساق ، تېكىستتە ئۈچ تۈرلۈك قىيىنچىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان : بىرىنچى ، تۆمۇريول لىنىيىسىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۆلچەش . بۇ يەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تىك يارلىق ھاڭ بولۇپ ، كىلىماتى ناچار ئىدى . جەن تيەنيۇ خىزمەتچى خادىملارنى دائىم «ئالدى بىلەن خىزمەتنى پۇختا ئىشلەش ، قىلچىمۇ بىپەرۋالىق قىلماسلىق كېرەك» دەپ رىغبەتلەندۈرىدۇ ؛ ئۇ ئۆزى باشتىن ـ ئاخىر دالىدا ئىشلەيدۇ ، شۇنىڭدەك دائىم يەرلىك دېھقانلارغا مۇراجىئەت

www.uyghurkitap.com

قىلىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى: «بۇ، جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرى ياساۋاتقان تۇنجى تۆمۈريول، شۇڭا بۇنى چوقۇم ئوبدان ياساپ پۈتكۈزۈشىمىز لازىم.» ئىككىنچى، تۇنىل قېزىش. تۆمۈريول نۇرغۇن ئېگىز تاغلاردىن ئۆتىدىغان بولغاچقا، تۇنىل قېزىشقا توغرا كېلىدۇ. تېكىستتە ئىككى تۇنىل مىسال كەلتۈرۈلۈپ، قۇرۇلۇشنىڭ مۈشكۈللۈكى چۈشەندۈرۈلگەن. جەن تيەنيۇ تۇنىل قېزىشنىڭ يېڭى ئۇسۇلىنى ئىجادىي ئىشلەتكەندىن تاشقىرى، يەنە ئەمەلىي مەشغۇلاتقا ئۆزى بىۋاسىتە قاتنىشىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇ، جاھانگىر دۆلەتلەر گېزىتلىرىنىڭ مەسخىرىسىگە، نەنكۇنىڭ شىمالىدا ياسىلىۋاتقان تۆمۈريولغا جۇڭگو ئىنژېنېرى يېتەكچىلىك قىلىۋاتىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىش ئۈچۈندۇر. ئۈچىنچى، ئاچا شەكىللىك يول لىنىيىسىنى لايىھەلەش. تۆمۈريول چىڭلۇڭچياۋ كۆۋرۈكى ئەتراپىدىن ئۆتەتتى. بۇ يەر تىك داۋان بولۇپ، پويىز ئۆتەلمەيتتى. جەن تيەنيۇ ئاچا شەكىللىك لىنىيىنى لايىھەلەپ، پويىزنىڭ تىك داۋاندىن ئېشىش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىدۇ. بۇ، شۇ ۋاقىتتىكى قىيىن شارائىتتا ئىشلىتىلگەن يېڭى لايىھە. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى نېمە ئۈچۈن؟ تېكىستنىڭ ئاخىرقى ئابزاسىدا، بۇ «جۇڭگونى مەنسىتمەيدىغان جاھانگىرلارغا كۈچلۈك قايتۇرما زەربە بولدى» دېيىلگەن. تېكىستنىڭ بېشىدىكى جۈملىگە بىرلەشتۈرۈپ، بىز جەن تيەنيۇ ھەقىقەتەن ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر ئىنژېنېرى ئىكەن، دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز.

بۇ ئەسەرنى ئوقۇپ، ئاپتورنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشتىن مەقسىتى بىزگە جەن تيەنيۇنىڭ بېيجىڭ - جاڭجياكۇ تۆ-

مۇرىيولىنى ياساشقا رىياسەتچىلىك قىلىش جەريانىنى ئۇقتۇ-
رۇشلا بولۇپ قالماستىن ، تېخىمۇ مۇھىمى بۇ ئىش ئارقى-
لىق ئۇنىڭ كونا جۇڭگودا جاھانگىرلارنىڭ ئېلىمىزنى مەن-
سىتمىگەنلىكىگە قانداق زەربە بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش
ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىمىز . بىز بۇ ئەسەرنى ئوقۇغاندىن كې-
يىن ، جاسارەتكە كېلىپ ، دۆلىتىمىزنىڭ تېخىمۇ نۇرغۇن
پەن- تېخنىكا خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ ، زامانىۋىلاشتۇ-
رۇش قۇرۇلۇشىنى تېزلىكتە يۈكسەلدۈرۈشى زۆرۈرلۈكىنى
ھېس قىلىمىز . ئەگەر تېكىستنى شۇ ۋاقىت ، شۇ جايدىكى
ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ چۈشەنمىسەك ، مۇنداق تەسىراتقا
ئىگە بولالمايمىز .

«ئاكا - ئۇكا مۇسابايېفلار» دېگەن تېكىستنىمۇ مۇشۇ
جەھەتتىن چۈشىنىش ۋە تەھلىل قىلىش كېرەك .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئالتىنچى مەشىق

1 . تۆۋەندىكى پارچىنى ئىچىڭىزدە ئوقۇپ ، سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ .

دارۋىن ئالىي مەكتەپنى تاماملىغاندىن كېيىن ، يەر شارىنى سايا- ھەت قىلىش پىلانىغا ئېگە بولىدۇ . ئۇ بۇ قېتىمقى ساياھەتتىن پايدىلىنىپ ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتى ئېلىپ بارىدۇ ، ئۇ بارغانلا يېرىدە ، يەرلىكلەردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىدۇ ، يەرلىكلەرگە مۇراجىئەت قىلىدۇ ، يەرلىكلەرمۇ ئۇنىڭغا ئەھۋاللارنى قىزغىنلىق بىلەن تونۇشتۇرىدۇ .

بىر قېتىم ، بىرەيلەن ئۇنىڭغا : «بىزنىڭ بۇ يەردىكى چىشى تۆگىقۇشلار توپلىشىپ بىر ئۇۋىغا تۇخۇم تۇغىدۇ ، 20 ـ 30 تۇخۇم بولغاندا ، ئەركەك تۆگىقۇش تۇخۇملارنى بېسىپ چۈجە چىقىرىدۇ ، چىشى تۆگىقۇشلار يەنە كوللېكتىپ ھالدا باشقا ئۇۋىغا تۇخۇم تۇغۇشقا بارىدۇ» دەيدۇ . دارۋىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىر ئىشىنىپ ، بىر ئىشەن- مەي ، ئۆزى بىۋاسىتە نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ . ئۇ چىشى تۆگىقۇشنىڭ ئۈچ كۈندە ئاران بىر تۇخۇم تۇغىدىغانلىقىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ، بىردىنلا ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلىۋالى- دۇ . ئەسلىدە ، تۆگىقۇشنىڭ بۇ خىل تۇرمۇش ئادىتى دەل ئۇلارنىڭ شۇ جايدىكى ئىنتايىن ئىسسىق ھاۋا رايىغا ماسلاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىكەن . ئويلاپ باقايلى ، ئەگەر چىشى تۆگىقۇش ھەر قېتىمقى تۇخۇم تۇغۇش مەزگىلىدىكى ئون نەچچە تۇخۇمنى تولۇق تۇغۇپ بولۇپ ، ئاندىن ئۆزى بېسىپ چىقىرىدىغان بولسا ، ئۇ ھالدا ئاۋۋال تۇغقان تۇخۇملىرى يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق مۇھىتتا ئاللىبۇرۇن سىسىپ

كەتمەمدۇ ؟

يەنە بىر قېتىم ، بىرەيلەن ئۇنىڭغا شۇ جايدا ئۇستىخانلىق كەل-گەن ، تېنىدە سۇ ساقلايدىغان بىر خىل تاشپاقا بارلىقىنى ، ئۇنىڭ قۇرغاق رايونلاردا ناھايىتى ياخشى ياشايدىغانلىقىنى ؛ ئۇ ئۆمىلەشكە ئۇستا بولغاچقا ، ناھايىتى يىراق جايلارغا بېرىپ ، سۇ مەنبەسىنى تاپالايدىغانلىقىنى ، سۇ ئىچىپ قورسىقىنى تويغۇزۇش بىلەنلا قالماس-تىن ، بەلكى سۇنى قورسىقىغا ۋە پۇۋەك خالتىسىغا قاچىلىۋېلىپ ساقلايدىغانلىقىنى ، ئۇسسىغان چاغلىرىدا ، ئۇ ئۆزى ساقلىغان سۇنى ئىچىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى .

يۇقىرىقى مىساللاردىن دارۋىن ھايۋانات بىلەن تەبىئەت دۇنياسى ئوتتۇرىسىدا قانداق قويۇق مۇناسىۋەت بارلىقىنى بىلىۋالغان ؟

بۇ پارچىدا تۆگىقۇش بىلەن تېنىدە سۇ ساقلايدىغان تاشپاقىنىڭ قانداق تۇرمۇش ئادەتلىرى سۆزلەنگەن ؟ بۇ تۇر-مۇش ئادەتلىرىنىڭ شۇ جاينىڭ تەبىئىي مۇھىتى بىلەن قانداق باغلىنىشى بار ؟

2 . سىنىپ مۇدىرىنى تەكلىپ قىلىپ ، سىنىپ باشلى-قىنىڭ باشقۇرۇشىدا «ھەرقايسى يىللىقلارنىڭ تەنتەربىيە پائالىيىتىنى قانداق قانات يايدۇرۇش كېرەك » دېگەن تېمىدا مۇزاكىرە ئۇيۇشتۇرۇڭلار . ئاۋۋال ئۆز پىكرىڭلارنى ئويلى-نىۋېلىپ ، ئاندىن بىر - ئىككى نۇقتىنى تاللاپ ، يىغىندا سۆزلەڭلار .

3 . يىغىن خاتىرىسى يېزىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ .

يىغىن ئاچقاندا ، مەخسۇس بىر ئادەم يىغىن خاتىرىسى-نى يېزىشى كېرەك . يىغىن خاتىرىسى بولغاندا ، قارارغا ئاساسەن ، خىزمەت ئىشلەشكە ، شۇنىڭدەك كېيىنكى كۇن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەردە تەكشۈرۈشكە قۇلايلىق بولىدۇ .

يىغىن خاتىرىسىگە ئالدى بىلەن يىغىننىڭ ۋاقتى ، ئورنى ، قاتناشقۇچىلار ، سىرتتىن قاتناشقۇچىلار ، يىغىننى باشقۇرغۇچى قاتارلىقلارنى خاتىرىلەش كېرەك . يىغىن مەزمۇنىنى خاتىرىلەشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى بار :

بىر خىلى ، قىسقىچە خاتىرىلەش ، مۇزاكىرە قىلىنغان ئاساسلىق مەزمۇن (جۇملىدىن ، ھەربىر ئادەمنىڭ سۆزىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى ) ۋە قارارلا خاتىرىلىنىدۇ .

يەنە بىر خىلى ، تەپسىلىي خاتىرىلەش . قارار خاتىرىلەنگەندىن تاشقىرى ، ھەربىر ئادەمنىڭ سۆزىمۇ تەپسىلىي خاتىرىلىنىدۇ .

مۇزاكىرە ئەھۋالىغا ئاساسەن ، تۆۋەندىكى يىغىن خاتىرىسىنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى بويىچە ، بۇ قېتىمقى (2 - سوئالدا تەلەپ قىلىنغان ) يىغىننىڭ قارارىنى خاتىرىلەڭ .

## 6 - يىللىق 1 - سىنىپنىڭ سىنىپ ھەيئەتلىرى يىغىنىنىڭ خاتىرىسى

ۋاقتى : 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۈشتىن كېيىن
ئورنى : دەرسخانا
قاتناشقۇچىلار : سىنىپنىڭ بارلىق ھەيئەتلىرى
يىغىننى باشقۇرغۇچى : سىنىپ باشلىقى ئەنۋەر
خاتىرىلىگۈچى : گۈلباھار

1 . سىنىپ باشلىقى بۇ قېتىملىق سىنىپ ھەيئەتلىرى يىغىنى مۇزاكىرە قىلىدىغان مەزمۇنىنى — قانداق قىلغاندا مەدەنىيەتلىك ۋە ئەدەپلىك باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولغىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى .

2 . مۇزاكىرە قىلىندى : كۆپچىلىك سىنىپىمىزدىكى گۈلزار ، غېنى ، دىلبەر قاتارلىق ساۋاقداشلارنى مىسالغا ئېلىپ ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتلىك ، ئەدەپلىك بولۇش جەھەتتە قانداق ئارتۇقچىلىقلىرى بارلىقىنى يىغىنچاقلىدى (كونكرېت پاكىتلار قىسقارتىلدى) .

3 . مۇنۇلار قارار قىلىندى :

1 ) ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەت قىلىش . دەرس ۋاقتىدا ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ، پىكىر بايان قىلىشتا ئاۋۋال قول كۆتۈرۈش ، ئۇشـ شاق- چۈششەك ئىشلار بىلەن شۇغۇللانماسلىق . دەرستىن چۈشكەندىـ مۇ ئەدەپلىك بولۇش .

2 ) ساۋاقداشلار ئارا ئىتتىپاق بولۇش ، دوستانە بولۇش . ئۆگىـ نىشتە ۋە تۇرمۇشتا ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلۈش ، ئۆزئارا ياردەم بېرىش . بولۇپمۇ كىچىك ساۋاقداشلارغا كۆيۈنۈش ، ئۇلارغا ھەر جەھەتتە ئۈلگە بولۇش .

3 ) ئاممىۋى سورۇنلاردا تەرتىپكە رىئايە قىلىشقا ئەھمىيەت بېـ رىش . كەلسە - كەلمەس ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلماسلىق . قوپال گەپـ لەرنى قىلماسلىق .

4 ) بەدەننى چېنىقتۇرۇش ، تازىلىققا رىئايە قىلىش . دەرس ئاردـ لىقىدىكى گىمناستىكىنى ئەستايىدىل ئويناش . مېۋە - چېۋە شۆپۈكـ لىرى ۋە قەغەز پارچىلىرىنى قالايمىقان تاشلىماسلىق .

يىغىن يىغىندىكى بىرنەچچە نۇقتىدىن باشلاپ ئىشلەش . بۇ قارارلارغا ئالدى بىلەن سىنىپ مۇدىرىنىڭ پىكرىنى ئېلىش ، ئەتە سىنىپ يىغىـ نىدا پۈتۈن سىنىپتىكى ساۋاقداشلار مۇزاكىرە قىلىپ تۈزەتكەندىن كېيىن يولغا قويۇش .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# 15 . كەھرىۋا

بۇ ھېكايىدىكى ۋەقە بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزاق يىللار ئىلگىرى يۈز بەرگەن ، تەخمىنەن ھېسابلىغاندا ، 10 مىڭ يىلچە بولۇپ قالغاندۇ .

ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ، قۇياش ئىللىق نۇرىنى چېچىپ تۇراتتى ، دېڭىز سۈيى يىراقتا ئۆركەشلەپ شاۋقۇن سالاتتى ، دەرەخلەرنىڭ ئۈچىدىكى ياپيېشىل يوپۇرماقلار شىلدىرلاپ تۇراتتى .

كىچىككىنە بىر چىۋىن ياپيېشىل نازۇك قاناتلىرىنى يېيىپ ، قۇياش نۇرىدا خۇشال پەرۋاز قىلىپ يۈرۈپ ، كېيىن گىگانت دەرەخنىڭ ئۈستىگە قونۇپ ، ئۇنىڭ يېشىل يوپۇرماقلىرىغا بېشىنى يېقىپ كەتتى . ئۇ يەردە بۇك - باراقسان ئۆسكەن ئېگىز قارىغايلار بولۇپ ، قۇياشنىڭ ئۆتكۈر ئىسسىقىدا ئۇ يەردىن دېۋىرقاي پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى .

بۇ كىچىككىنە چىۋىن ئۇچۇپ كېلىپ ، يوغان بىر تۈپ قارىغايغا قوندى . ئۇ پۇتلىرىنى سوزۇپ قاناتلىرىدىكى چاڭ - توزانلىرىنى قاقتى . بىر جۈپ قىپقىزىل كۆزى جايىلاشقان دۈگىلەك بېشىنى تازىلىدى . چۈنكى ، ئۇ يېرىم كۈندىن كۆپرەك ئۇچۇپ يۈرگەچكە ، ئۇستىۋېشى پۈتۈنلەي چاڭ - توزان بىلەن قاپلىنىپ كەتكەنىدى .

كۈتمىگەن يەردىن بىر ئۆمۈچۈك چىۋىننى بىر ۋاقلىق مەززىلىك تاماق قىلىش كويىدا ئاستا - ئاستا ئۆمىلەپ

چىقىپ كەلدى . ئۇ ئۇزۇن پۇتلىرىنى ئېھتىيات بىلەن لۆم-
شىتىپ ، دەرەخنىڭ غولىنى بويلاپ پەسكە قاراپ ئۆمىلەپ ،
بارغانسېرى چىۋىنغا يېقىنلاشتى .

چۈش ۋاقتىدىكى قۇياش پۇتۇن ئورمانزارلىقنى ئوتتەك
قىزدۇرماقتا ئىدى . نۇرغۇنلىغان قېرى قارىغايلاردىن قاي-
ناپ چىققان ھۇررەك - ھۇررەك دېۋىرقايلار قۇياش نۇرىدا
ساپسېرىق پارقىراپ تۇراتتى .

ئۆمۈچۈك چىۋىنغا قاراپ ئېتىلىپ كېلىش بىلەن بىر
ۋاقىتتا ، ئۇشتۇمتۇت قورقۇنچلۇق بىر ۋەقە يۈز بەردى .
يوغان بىر تامچە دېۋىرقاي قارىغاي ئۇستىدىن توپتوغرا قارى-
غاينىڭ غولىغا ئېقىپ چۈشتى ، ھېلىقى ئۆمۈچۈك بىلەن
چىۋىن شۇ دېۋىرقاينىڭ ئىچىدە قېپقالدى .

كىچىك چىۋىن قاناتلىرىنى قېقىشتۇرالماس بولدى ،
ئۆمۈچۈكمۇ قانداقتۇ مەززىلىك تاماق توغرۇلۇق ئويلىنال-
ماس بولدى . شۇنداق قىلىپ ، بۇ كىچىككىنە ئىككى ھاشا-
رات قارىغاينىڭ كۆزىدىن ئاققان ساپسېرىق ياش مونچىقى
ئىچىدە قاپسىلىپ قالدى . ئۇلار ئوڭدا - دۈمدە بولۇپ بىر
پەس تىپىرلىشىپ ، ئاخىر قىمىرلىيالماي قالدى .

دېۋىرقاي بۇرۇنقىسىنىڭ ئۈستىگە تامچىلاپ چۈشۈۋې-
رىپ ، ئاخىر مونەكلىشىپ ، بىر دېۋىرقاي شارچىسىغا ئاي-
لاندى ۋە ھېلىقى كىچىككىنە ئىككى ھاشاراتنى قاتمۇقات
ئورىۋالدى .

نەچچە ئون ، نەچچە يۈز ، نەچچە مىڭ يىللار كۆزنى
يۇمۇپ - ئاچقۇچە دېگۇدەك ئۆتۈپ كەتتى . مىليونلىغان
يېشىل قاناتلىق چىۋىنلەر بىلەن سەككىز پۇتلۇق ئۆمۈچۈك-
لەرمۇ دۇنيادا پەيدا بولۇپ ، يوقىلىپ كەتتى . بەكمۇ ئۇزاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زامانلار ئىلگىرى كىچىككىنە ئىككى ھاشاراتنىڭ دېۋىرقاي ئىچىدە قېلىپ، بىر تۇپ قېرى قارىغايغا ئېسىلىپ قالغانلىقى كىمنىڭمۇ ئېسىگە كەلسۇن.

كېيىن، قۇرۇقلۇق ئاستا - ئاستا پەسىيىپ، دېڭىز سۈيى ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، ھېلىقى قەدىمكى ئورمانلىقتا يېقىنلىشىپ قالدى. كۆلدەردىن بىرى ئورمانلىقنى سۇ بېسىپ كەتتى. كۆچلۈك دولقۇنلار دەرەخ غوللىرىغا ئۈزلۈكسىز ئۇرۇلۇۋەردى، ھەتتا قارىغايلارنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن قارىغايلار قۇرۇپ كەتتى ۋە ئاستا - ئاستا چىرىپ تۈگىدى. قېپقالغىنى ھېلىقى دېۋىرقاي شارچىسى بولۇپ، ئۇ دېڭىز تېگىدىكى قۇمنىڭ ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالدى.

يەنە بىرنەچچە مىڭ يىللار ئۆتۈپ كەتتى، ھېلىقى دېۋىرقاي شارچىسى تاشقا ئايلىنىپ كەتتى.

دېڭىز بورانلىرىنىڭ شىددەتلىك گۈركىرەپ چىقىشى بىلەن جۇش ئۇرۇپ ئۆركەشلىگەن دېڭىز دولقۇنى دېڭىز تېگىدىكى لاي - قۇملارنى قىرغاققا سۈرۈپ چىقىرىپ قويغانىدى.

بىر بېلىقچى ئوغلى بىلەن دېڭىز ياقىسىنى بويلاپ كېتىۋاتاتتى. ئوغلى يالاڭ ئاياغ كېتىپ بارغاندا قۇم ئىچىدە قاتتىق بىرنەرسە پۇتىغا ئۇرۇنغانلىقىنى سېزىپ، ئۇنى كولاپ ئالدى.

— دادا، دادا، قارىغىنا، — دەپ خۇشال ۋارقىرىدى ئۇ، — ماۋۇ نېمە؟

دادىسى ئۇنى قولىغا ئېلىپ، سىنچىلاپ كۆرۈپ چىقتى.

— بۇ كەھرىۋا، ئوغلۇم، — دېدى ئۇ خۇشاللىق

بىلەن ، — بۇنىڭ ئىچىدە كىچىككىنە ئىككى نەرسە تۇرامدۇ نىمە ، بىرى چىۋىن ، يەنە بىرى ئۆمۈچۈكتەك قىلىدۇ . بۇ ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان نەرسە ، بالام .

مانا شۇ سۇپسۇزۇك كەھرىۋانىڭ ئىچىدە كىچىككىنە ئىككى نەرسە ھىلىمۇ ئۆز پىتىچە تۇرۇپتۇ . ئۇلارنىڭ تىنىدىكى ھەربىر تال ئۇششاق تۈكچىلىرىنىمۇ كۆرگىلى بولاتتى ، شۇنىڭدەك ئەينى ۋاقىتتا تىمىپ چۈشكەن دىۋىرقاي ئىچىدە ئۇلارنىڭ قانداق جان تالاشقانلىقىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولاتتى ، چۈنكى ئۇلارنىڭ پۇتلىرى ئەتراپىدا بىرقانچە قارا چەمبىرەك سىزىقلار روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئەنە ئۇ كەھرىۋادىن بىز 10 مىڭ يىللار ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن ۋەقەنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى پەرەز قىلالايمىز ، شۇنىڭدەك دۇنيادا ئەنە شۇنداق چىۋىن ۋە ئۆمۈچۈكلەرنىڭ قەدىمكى زامانلاردىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز .

## كۆنۈكمە

1 . كەھرىۋانىڭ شەكىللىنىش جەريانى بويىچە ، قىسقىچە تىزىس تۈزۈڭ .

2 . كەھرىۋانىڭ قانداق شارائىتتا شەكىللەنگەنلىكىنى تىكستتىن مۇناسىۋەتلىك سۆز - ئىبارىلەرنى كەلتۈرۈپ سۆزلەپ بىرىڭ .

3 . تىكستنى ئۈنلۈك ئوقۇڭ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 16 . ئەمدى جاپا سالمايمەن

مېنىڭ شۆھرەتكە بەكمۇ ھەۋىسىم كېلىدۇ . نېمىشقا دېسەڭلار ، ئۇنىڭ يېنىدىن پۇل ئۈزۈلمەيدۇ . پۇل قاپچۇقىدا بەزىدە بىر كويلۇق پۇللارمۇ پەيدا بولۇپ قالىدۇ . ئۇ ياز كۈنلىرى تەنەپپۇس ئارىلىقىدىمۇ مەكتەپتىن يۈگۈرۈپ چىقىپ چوكىموز سېتىۋېلىپ يەيدۇ . ئۇ چوكىموزنى شۇنچە ئالدىرىماي يەيدۇكى ، شۇمۇشلىرىگە قاراپ شۆلگەيلىرىم ئېقىپ كېتىدۇ . شۇڭا ، ئۇ چوكىموز يېگەندە ئۇنىڭدىن يىراقراق تۇرۇشقا ، ئاغزىغا قاراپ سالماسلىققا تىرىشىمەن . بىراق ، نېمىشقىكىن ، كۆزۈم يەنە شۇ تەرەپكە كېتىپ قالىدۇ .

قىش كۈنلىرى ئۇنىڭ يانچۇقىدىن قۇرۇق مېۋىلەر ئۈزۈلمەيدۇ . ئۇنىڭغا ھەۋىسى كېلىدىغانلار مەنلا بولمىسام كېرەك . يانچۇقىغا قولىنى سېلىشى بىلەنلا ئۇنىڭغا قارايدىغانلار ، ھەتتا يېقىنچىلىق قىلىدىغانلارمۇ بار ، ئۇ بۇنداقلارغا بەزىدە ساناپ تۇرۇپ ئىككى – ئۈچ تال گازىر ، بىرەر تال خاسىڭ بېرىپ قويىدۇ . بىر قېتىم ماڭىمۇ بىر تال خاسىڭ بېرىۋىدى ، تامىقىمدىلا قالىدى . بىراق ، ئامالىم قانچە؟ يەنە سوراشقا يۈزۈم چىدىمىدى .

مېنىڭ شۆھرەتكە ھەۋىسىم كەلگىنى بىلەن تازا خۇشۇم يوق . چۈنكى ، ئۇ بەك دامخور ، نېمە يېسە شۇنى داڭلايدۇ . نېمە كىيسە شۇنى كۆز – كۆز قىلىدۇ ، ھەتتا

تامىقىنىمۇ كوچىغا ئاچىقىپ يېيىشكە ئامراق . بىراق ، ئۇ-
نىڭغا يەنىلا ھەۋەس قىلىپ كېتىمەن . بەزىدە ئىچىمدە مۇن-
داقمۇ ئويلاپ كېتىمەن : «ھەر ئىككىمىزلا تەڭ ، ئاي پەر-
قىمىزمۇ يوق ، سەككىز ياش ، لېكىن ئۇ ھەر ئايدا يېڭى
كىيىم كىيىدۇ ، ھەر كۈنى چوكىمۇز يېيەلەيدۇ ، گازىر
چاقالايدۇ ، مەن بولسام ...» بۇنداق ئويلىغاندا مەن دادام
بىلەن ئاپامدىن ئاغرىنىمەن . چۈنكى ، ھەر ئاينىڭ بېشىدى-
كى بىر كۈندە (بۇ كۈننى مەن شۇنداق ئوبدان بىلىمەن)
دادام بىر چاڭگال پۇل كۆتۈرۈپ كېلىدۇ : ۋاي - ۋۇي ،
نېمىدېگەن جىق پۇل !؟ مېنى بۇ پۇلنى سانا دېسە ھەرگىز
ساناپ بولالمايمەن . چۈنكى ، مەن موچەنلىك پۇللارنى پەرق
ئېتەلەيمەن ، بىر كويلۇق ، ئىككى كويلۇق پۇللارنىمۇ پەرق
ئېتەلەيمەن ، لېكىن بەش كويلۇق ، ئون كويلۇق پۇللارنى
پەرق ئەتسەممۇ ، جىق بولسا بىر - بىرىگە قوشۇپ بولالماي-
مەنغۇ دەيمەن .

دادام كۆتۈرۈپ كەلگەن بىر چاڭگال پۇلنى كەچتە ئاپام
بىلەن ئولتۇرۇپ : «ئۇنغا مۇنچە كوي ، مايغا مۇنچە كوي...»
دەپ ھېسابلاشقا باشلايدۇ . ۋاي - ۋۇي ، بۇ چاغدا مەن بەكمۇ
تىتىلداپ كېتىمەن . شۇمۇ ئىشمۇ ؟ شۇنچە پۇل تۇرسا ئۇنى
ھېسابلاپ ئولتۇرمىسا نېمە بوپتۇ ؟ بىر موچەنگە بىر تال
چوكىمۇز ئالغىلى بولىدۇ ، بىر كويغا 10 تال ، ئىككى كويغا
20 تال ... ۋاي - ۋۇي ، شۇنىڭدىن قارىغاندا بەش كوي ،
ئون كوي دېگەنلەر ناھايىتى جىق پۇل ئوخشايدۇ . بۇ پۇللار-
غا كىيىم ئېلىپ كىيسەك بولمامدۇ ؟! بۇ پۇللارنىڭ ھەم-
مىسى مېنىڭ بولسا خەجلەپ - خەجلەپ تۈگىتەلمەيمەنغۇ
دەيمەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇنچە پۇل بولۇشىغا قارىماي ، دادام پۇل ئەكەلگەن كۈنى ماڭا ئىككى موچەن بېرىدۇ . باشقا چاغلاردا بولسا ئانچە - مۇنچە بەش پۇڭ ياكى بىرەر موچەن پۇل بېرىپ قويىدۇ ، بۇ ئىش مېنىڭ كۆڭلۇمنى بەك يېرىم قىلىدۇ . چۈنكى ، بۇنداق چاغلاردا شۆھرەتنىڭ بىر گېپى ئېسىمگە كېلىدۇ : «دادام بىلەن ئاپام مېنى قالتىس ياخشى كۆرىدۇ ، ياخشى كۆرگەندىن كېيىن پۇلنى مەندىن ئايىمايدۇ - دە ، كىيىم دېگەننى يېڭى - يېڭى كىيگۈزۈپ تۇرىدۇ ! » شۇنىڭدىن قارىغاندا دادام بىلەن ئاپام مېنى ئانچە ياخشى كۆرمىسە كېرەك ... تېخى ئۇلار ماڭا : «كىچىك بالا دېگەن بەتخەج بولمايدىغان . جىق پۇل كىچىك بالىنى بۇزىدۇ» دەيدۇ . ھەي ، بۇمۇ ئۇلارنىڭ بىر باھانىسىغۇ دەيمەن . نېمىشقا ئۇلار مېنى ياخشى كۆرمەيدىغاندۇ ؟ ياخشى كۆرمەمدىكىن دېسەم ، مېنى يا ئۇرمايدۇ ، يا تىللىمايدۇ . ھەر قېتىم ئىمتىھاندا ، ھەتتا تاپشۇرۇقتا 100 نومۇر ئېلىپ كەلسەم خۇش بولۇپ مېنى سۆيۈپ كېتىدۇ ...

ھەي ، ئۇلار مېنى پۇلدىن قىسمىسىلا شۆھرەتنىڭ ئالدىدا يوغان گەپ قىلالىغان بولاتتىم - دە !

بۈگۈن راستتىنلا چىدىيالمىدىم . ئەتىگەن شۆھرەت مەكتەپكە يېڭى كىيىم كىيىپ كەپتۇ . ھەممىمىزنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقناپ كەتتى . كۆك مايكىسىنىڭ يېڭىگە ۋە ئىشتىنىنىڭ ئىككى يېنىغا قىزىل ، ئاق يول ئېلىنغان بولۇپ ، شۆھرەتنىڭ بەدىنىگە شۇنچە ياخشى يېپىشىپ تۇراتتى ، ھەي ، مېنىڭمۇ شۇندىقىدىن بولسا كىيىۋالسام ... بۇ كىيىمنى كىيىپ پۇتبول ئوينىسا قالتىس ياخشى بولىدىغۇ دەيمەن .



ئوغۇللار شۆھرەتنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتۇق . ھەتتا بەزى قىزلارمۇ چەتتە قالمىدى ، بەزىلەر ، قانچىگە ئالدىڭ دېسە ، بەزىلەر كىيىمنى تۇتۇپ بېقىشقا قول ئۇزىتاتتى . شۆھرەت بولسا كېرىلگەن ھالدا :

— تۇتماڭلار ، تۇتماڭلار ، كىيىممنى پاسكىنا قىلىۋې-تىسىلەر ، — دەيتتى ۋە ھەدەپ ماختىناتتى ، — پۇلىنى ماگىزىندىن سوراڭلار . ئىشقىلىپ موچەنگە بەرمەيدۇ . بۇ-نىڭ يەنە بىر خىلىدىنمۇ بار ئىكەن ، ئەتە - ئۆگۈن دادام ئۇنىمۇ ئېلىپ بېرىدۇ .

مېنىڭ راستتىنلا ئىچىم قىزىدى . قىزىمايچۇ ؟ مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش بالىغۇ ؟ ئۇنىڭ دادىسى بولسا مېنىڭمۇ دادام بار . ئۇنىڭ ئاپىسى بولسا مېنىڭمۇ ئاپام بار . ئۇنىڭ دادىسى پۇل تاپسا ، مېنىڭ داداممۇ پۇل تاپىدۇ . شۇنداق تۇرۇقلۇق ، ئۇ كىيگەننى مەن نېمىشقا كىيەلمەيمەن ؟ ...

كاللامغا دەرسمۇ كىرمىدى ، ئىككى قېتىم سورالغان

سوئالغا جاۋاب بېرەلمەي مۇئەللىمدىن گەپ ئاڭلاپمۇ قال-دىم . مېنىڭ ئامالىم قانچە؟ شۆھرەتنىڭ كىيىمى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى ، ھە دېسىلا ئۇنىڭغا قارىغۇم كېلەتتى .

چۈشلۈك تاماقتا قايتقىنىمدا شۆھرەت بىلەن مېڭىشقا ھەرىكەت قىلدىم . مەھەللىمىزگە قايرىلىدىغان دوقمۇشقا يېتىپ كەلگەندە ئۇنى ساقلاپ تۇردۇم . ئۇ ھايال بولماي بىر تال چوكىمۇزنى شورىغىنىچە يېتىپ كەلدى . چوكىمۇزنىڭ سۈيى ئاققان بولسا كېرەك ، مايكىسىنىڭ نەچچە يېرى داغ بولۇپ قاپتۇ . بۇنى كۆرۈپ ئىچىم ئېچىشىپ كەتتى . مەن ئۇنىڭغا يانداشىپ ماڭغاچ :

— مايكاڭ داغ بولۇپ قاپتۇ ، — دېدىم .

ئۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن مايكىسىغا قاراپ قويدى ـ دە :

— بولسا بولامدۇ؟ پاسكىنا بولسا ئاپام يۇيۇپ بېرىدۇ ، كونىرىسا دادام يېڭىنى ئېلىپ بېرىدۇ ، — دېدى .

مەن نېمىدېگەن بىچارە ! مەندە بۇنداق نوچى كىيىمنىڭ يېڭىسىغۇ يوق ، كونىسىمۇ يوق !

— سەنمۇ ئالدۇرساڭ بولامدۇ ، — دېدى شۆھرەت مېنى دەيدەيگە سالغاندەك تامىقىنى چاكىلدىتىپ سۆزلەپ ، — بۈگۈن كۆرگەنسەن ، ھەممىسى كىيىمىمگە قارىشىپ قال-دى .

— دادامغا دەپ باقايمىكىن ، — دېدىم مەن ئۇنىڭ مايكىسىنىڭ يېڭىنى تۇتۇپ قويۇپ .

— دەپ باقايمىكىن ، دەپ باقايمىكىن ! — دەپ مېنى دورىدى شۆھرەت ، — داداڭ غىدىڭ ـ پىدىڭ دېسە ۋار ـ ۋۇر يىغلاپ يېتىۋالساڭ بولمىدىمۇ؟ ! ھە دېگەندىن كېيىن پۇلنى قولۇڭغا تۇتقۇزمىغۇچە ئۇنىمىساڭ ، ئىش تېخىمۇ

ئوبدان پۇتىدۇ .

ھە ، شۆھرەتنىڭ پۇل خەجلىشىنىڭ ، كىيىم كىيىشىنىڭ سىرىنى بىلىۋالدىم . بۇمۇ بولىدىغان ئىشتەك قىلىدۇ . لېكىن ، مەن ئادەتتىمۇ يىغلاشنى ياخشى كۆرمەيمەن . مەن يا بوۋاق بولمىسام يىغلايدىغانغا ، يىغلىسام خەق زاڭلىق قىلمامدۇ ؟ بىراق ، بىر قېتىم يىغلاپ باقسام نېمە بوپتۇ ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيدە ، ئاتا - ئانامنىڭ ئالدىدىلا يىغلايدىغان تۇرسام ، كىممۇ زاڭلىق قىلاتتى ؟ پەقەت مۇشۇ بىر قېتىملا…

بۈگۈن دادامنىڭ پۇل ئەكىلىدىغان كۈنى ئىدى . شۇغىنىسى چۈشتە دادام كەلمىدى . كەچتە كەلگۈچە بەكمۇ تىت - تىت بولدۇم . نەچچە قېتىم تالاغا چىقىپ يولىغا قارىدىم .

ئاخىر دادام كەلدى . دادام ئىشىكتىن كىرىشىگە ئۇنىڭغا ئېسىلدىم - دە ، سۆزلەشكە باشلىدىم :

— شۆھرەتنىڭكىدەك مايكا - ئىشتان ئېلىپ بەر . بەك چىرايلىق ئىكەن … ھەممىسى قارىشىپ قالدى …

— بالام ، داداڭنى تاماق يەۋالغىلى قوي ، — دېدى ئاپام مېنى تارتىپ .

— ياق ، ئېلىپ بېرىڭلار ، ئېلىپ بېرىڭلار … ، — مەن يىغلامسىرىدىم .

دادام مېنىڭ بۇ قىلىقىمغا ھەيران بولغان بولسا كېرەك :

— ھوي ئوغلۇم ، ساڭا نېمە بولدى ؟ ئوغۇل بالا دېگەنمۇ يىغلامدۇ ؟ — دېدى بېشىمنى سىلاپ .

مەن راستتىنلا يىغلىۋەتتىم .

— بۇ بالىغا نېمە بولدى ؟ — دادام ھەيران بولغان

هالدا يەنە سۆزلىدى .

— تاڭەي ، مايكا ـ ئىشتاننىڭ گېپىنى قىلىپ توختىـ ـمىدى ، داداڭ كەلسۇن دېۋىدىم ، — دېدى ئاپام .

شۇنداق قىلىپ ، بۇگۇنكى كەچكى تاماقنىڭ پەيزىنى ئۇچۇرۇۋەتتىم . بىراق ، غەرىزىمنى ئۇلارغا ئۇقتۇردۇم . كېيىنكى ئايدا ئېلىپ بېرەيلى ، دېگىنىگە كۆنمىدىم . دادام بىلەن ئاپام ئاخىر ماقۇل بولدى . لېكىن ، بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدىم ، پەقەت دادام «بوپتۇ ، دېگىنىڭچە بولـ ـسۇن ، مانا 20 كوي پۇل ، ئەتە يەكشەنبە ، بىللە چىقىپ ئالايلى» دەپ پۇلنى تۇتقۇزغاندىلا ، ئاندىن جىمىپ ئارام تاپتىم .

بۇگۇن كەچ مەن ئىنتايىن خۇشال ئىدىم . 20 كوي پۇلنى بىردەمدىن بىردەمگە يانچۇقۇمدىن ئېلىپ قاراپ باقاتـ ـتىم ، سىلاپ قوياتتىم ، ھەي ، بۇنچە كەچ بولۇپ كەتمىگەن بولسا ، مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسىگە پۇلنى كۆرسىـ ـتىپ بىر ماختىنىۋالاتتىم . بولۇپمۇ شۆھرەتكە بىر كۆرسىـ ـتىپ قويسام ، مېنىڭ ئالدىمدا چوڭ گەپ قىلالمايدىغان بولۇپ قالاتتى . بوپتۇ ، كەچ بولۇپ كەتكىنىمۇ ياخشى بولـ ـدى . ئەتە ئەتىگەن دادام بىلەن بازارغا بېرىپ مايكا ـ ئىشتان ئەكىلىمەن ، كىيىپ كوچىغا چىقسام ھەممىسى مېـ ـنى چۆرىدىۋالىدۇ ، شۆھرەتمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە بار . ئۆـ ـگۇنلۇككە مەكتەپكە بارسامچۇ تېخى ! ··· ھەي ، نېمىدېگەن پەيزى !

مەن ئەتىگەنرەك تۇرۇش ئۇچۇن بۇگۇن بالدۇرلا يېتىـ ـۋالدىم ، لېكىن زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى . مەن كۆزۈمنى يۇمغىنىمچە ئەتىكى ئىشلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۇرەتتىم .

بىر چاغدا دادام بىلەن ئاپام ئايدا بىر قېتىم قىلىدىغان ھېلىقى ھېساباتقا چۈشتى .

— بۇ ئايلىق چىقىم كۆپرەك بولىدىغان ئوخشايدۇ ،— بۇ دادامنىڭ ئاۋازى ئىدى ، — ئۇن بىلەن مايغا 40 كوي ، پارچە خىراجەتكە 30 كوي كەتسە ، جەمئىي 70 كوي …

مەن ئىچىمدە : «70 كويغا ياستۇقۇمنىڭ تېگىدىكى 20 كوينى قوشسا نەچچە بولىدۇ ؟ ھە ، 90 كوي بولىدىكەن ، دادامنىڭ پۇلى نېمىدېگەن جىق ! يەنە تېخى خېلى بار … » دەپ ئويلايتتىم .

ئۇلار ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرگىچە ھېسابلاشتى . بىر چاغدا ئۇلار جىم بولۇپ قالدى . نېمە بولغاندۇ ؟ مەن كۆزۈمنى ئاستا ئاچتىم . دادام بىلەن ئاپام ئالدىدىكى پۇلغا قاراپ جىم ئولتۇرۇشاتتى . ھەر ئىككىسىنىلا خىيال بېسىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى .

«قالغان پۇلنى نەگە خەجلەشنى بىلمەيۋاتقان ئوخشايدۇ ،— دەپ ئويلىدىم مەن ئىچىم پۇشۇپ ،— ھەي ، 20 كوي پۇلنى قولۇمغا تۇتقۇزغاندا ، بۇ ئاز دەپ جىقراقنىڭ جېدىلىنى قىلسام بوپتىكەن . »

— قانداق قىلساق بولار ؟ — دېدى ئاپام دادامغا قاراپ .

دادام مەن تەرەپكە قارىۋىدى ، دەرھال كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇۋالدىم .

— قالغان پۇل 40 كوي ، — دادام بوشقىنا سۆزلىدى ، — 20 كوينى ئاپامغا ئەۋەتىپ بېرەيلى .

«چوڭ ئاپامغا پۇل ئەۋەتىدىكەن - دە ! توغرا ، ھەر ئايدا پۇل ئەۋەتىپ تۇرىدۇ . ئەۋەتمىسە بولمايدۇ - دە ، ئۇ

ئاپامنىڭ ئاپىسى، مېنىڭ چوڭ ئاپام ... ئەمما، ھېسابلاپ-ھېسابلاپ ئاران 40 كويى قالدى دەيدىغۇ. مەن خەجلىسە-خەجلىسە تۈگىمەيدىغان پۇل، دەپ ئويلىغانىدىم، ئۇنداق ئەمەسمۇ - يا؟»

ئاپامنىڭ سۆزى خىيالىمنى بۆلدى:

— ئايىغىڭىزنىڭ چەمى تېشىلىپ قالغىلى خېلى كۈنلەر بولدى، بۇ ئايدا سىزگە ئاياغ ئالماقچىدۇققۇ، 30 كويىغا ئاياغ ئالايلى، ئون كويىنى ئاپامغا ئەۋەتىپ تۇرساق بولار.

— ياقەي، ئاپامغا پۇلنى ئەۋەتىۋېرەيلى، ئاياغنى چەملىتىپ بۇ ئاينى ئۆتكۈزۈۋېتەرمەن، — دېدى دادام پەس ئاۋازدا.

كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى. دادامنىڭ ئايىغىنىڭ چەمى تېشىلىپ قالغانلىقىنى مەنمۇ بىلەتتىم. يېڭىسىنى ئالسا بولامدىكىن، دەپمۇ ئويلايتتىم. ئەسلىدە، ئۇ بۇ ئايدا ئاياغ ئالماقچى ئىكەن - دە. ئاپامنىڭ گېپىدىن قارىغاندا، دادامنىڭ ئايىغى 30 كويىغا كېلىدىغان ئوخشايدۇ. 40 كويىدىن 30 كويىنى ئېلىۋەتسەك ئون كويى قالىدۇ، بۇنى چوڭ ئاپامغا ئەۋەتسە ئازلىق قىلماسمۇ؟ 20 كويىنى جىق دېگىنىم بىلەن ئاران ماڭا مايكا - ئىشتان كېلىدىكەن. 30 كويىنى ئەۋەتسە دادام ئاياغ ئالالمايدىكەن ... راست، مەندىكى 20 كويىنى قوشسىچۇ!

— مەردانغا كىيىم ئالماي تۇرساق قانداق دەيسىز؟ — دېدى ئاپام.

— ئەسلىدە بۇ ئايدا ئۇنىڭغا كىيىم ئالىدىغان پىلانىمۇ يوق ئىدى. نەچچە كۈن بۇرۇنلا ئوقۇغۇچىلار فورمىسىدىكى

كىيىم ئۈچۈن پۇل بەرگەنىدۇق ، جېدەل قىلىپ تۇرۇۋال-
دى ، بوپتۇلا ، كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالمىسۇن . مەن ئاياغ
ئالماي تۇراي .

گېلىم سىقىلغاندەك بولدى . مەن لەۋلىرىمنى چىشلى-
دىم ، يوتقان بىلەن بېشىمنى پۈركىدىم ـ دە ، تام تەرەپكە
قاراپ يېتىۋالدىم . راستىنى ئېيتسام ، بۇگۈنكى قارغىشلى-
قىم ئۈچۈن قاتتىق پۇشايمان قىلىپ قالغانىدىم . مېنىڭ
يېڭى كىيىملىرىم خېلى بار . ئاياغلىرىممۇ نەچچە جۈپ ...
دادامنىڭ بولسا ... ھەي ، شۆھرەتنى دورىمىسام بوپتىكەن !
دادام ئەكەلگەن پۇل جىق پۇل ئەمەسكەن . تېخى مەن ئۆ-
زۈمچە خەجلىسە تۈگىمەيدۇ ، دەپتىكەنمەن .

قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىمنى بىلمەيمەن . ئاپام مې-
نى چاقىرغاندا ئاللىقاچان كۈن ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ بولغانى-
دى .

— تېزرەك چېيىڭنى ئىچ ، — دېدى ئاپام مېنى ئالدى-
رىتىپ ، — داداڭ بىلەن مايكا ـ ئىشتان ئالغىلى بارىسەن .

بۇ گەپ ئاخشامقى ئىشنى ئېسىمگە سېلىپ ، كۆڭلۈمنى
غەش قىلىپ قويدى . ئەتكەنچايىنى كۆڭۈلسىز ھالدا ئىچتىم .

— ماڭايلىمۇ بالام ؟ — دېدى دادام خۇشخۇيلۇق بىلەن
مۈرەمگە ئۇرۇپ قويۇپ .

— بارمايمەن ، — دېدىم بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ .

— نېمىشقا ؟ — ھەيران بولدى دادام .

مەن يانچۇقۇمدىن 20 كوي پۇلنى چىقاردىم ـ دە ،
دادامنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇم .

— ئۆزۈم يالغۇز ئەكىلەمدىم ؟ — دېدى دادام ماڭا .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

— ياق ، ئۆزۈڭگە ئاياغ ئېلىۋالغىن ، دادا ، — دېدىم مەن ، — مېنىڭ كىيىملىرىم بار ، سېنىڭ ئايىغىڭ يىرتىق···

بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن مەن دەم ئاپامنىڭ ، دەم دادامنىڭ قۇچىقىدا ئەركىلەندىم . ئەمدى مېنىڭ كۆڭلۈم يوپيورۇق بولۇپ كەتكەنىدى . «ئەمدى شۆھرەتنى ھەرگىز دورىمايمەن ، — دەيتتىم ئىچىمدە مەن ، — دادامغا ، ئاپامغا جاپا سالمىسام بولغۇدەك . بولمىسا ئۇلارنى قىيناپ قويىدىكەنمەن ! »

## كۆنۈكمە

1 . تېكىستنى ئىچىڭلاردا ئوقۇپ ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرۈۋېلىڭ ۋە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ .

1 ) شۆھرەت قانداق بالا ؟ شۆھرەت مەردانىنى (يەنى تېكىستتىكى «مەن »نى ) نېمىگە قىزىقتۇردى ؟

2 ) مەردان شۆھرەتنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن نېمە قىلدى؟ كېيىن قانداق پىكىرگە كەلدى ۋە دادىسىغا نېمە دېدى ؟

2 . تېكىست مەزمۇنىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش ئاساسىدا ، شۆھرەت بىلەن مەردانغا ئۆزىڭىزنى سېلىشتۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ قايسى تەرەپلىرىنى ئۆگەنمەسلىك ، قايسى تەرەپلىرىنى ئۆگىنىش كېرەكلىكىنى ۋە ئۆزىڭىزنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىڭىزنى سۆزلەپ بېرىڭ .

3 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇپ ، مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭ ۋە ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ ھەربىرىگە بىردىن

جۈملە تۈزۈڭ :

دامخور ، كۆز ـ كۆز قىلىش ، ئىچى قىزىش ، پەرۋاسىزلىق ، نوچى ، دەيدەيگە سېلىش ، غىدىك ـ پىدىك دېيىش ، تىت ـ تىت بولۇش ، پەيزى ، كۆڭلى بىر قىسما بولۇش ، قارغىشلىق قىلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېزىقچىلىق

# مۇھىم نۇقتىلارنى تۇتۇپ، ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلىش كېرەك

بىز بىرەر ۋەقەنى بايان قىلىشتا ياكى بىرەر شەيئىنى چۈشەندۈرۈشتە، شۇ ۋەقە ياكى شۇ شەيئىنىڭ بىرنەچچە مۇھىم نۇقتىسىنى تۇتۇشىمىز كېرەك. بۇ مۇھىم نۇقتىلارنى بايان قىلغاندا، ئۇلارغا ئالاقىدار ئەھۋاللارنى ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلىشىمىز لازىم. مۇشۇنداق يېزىلغان ئەسەر جانلىق ۋە قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ.

«كەھرىۋا»نى مىسالغا ئالايلى، بۇ تېكىستتە بىر پارچە كەھرىۋانىڭ شەكىللىنىش ۋە بايقىلىشى سۆزلىنىپ، شۇ ئارقىلىق 10 مىڭ يىل ئىلگىرىكى ۋەقە، يەنى «دۇنيادا ئەنە شۇنداق چىۋىن ۋە ئۆمۈچۈكلەرنىڭ قەدىمكى زامانلاردىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكى» پەرەز قىلىنىدۇ. بۇ بىر پارچە كەھرىۋانىڭ شەكىللىنىش ۋە بايقىلىشىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتور بىرنەچچە مۇھىم نۇقتىنى تۇتقان.

بىرىنچى نۇقتا، ناھايىتى ئۇزاق يىللار ئىلگىرى، ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، قارىغايدىن دېۋىرقاي تېمىپ، چىۋىن بىلەن ئۆمۈچۈكنى ئورىۋالىدۇ. بۇ يەردە تۆت زۆرۈر شەرت بار: 1) ئىسسىق ياز كۈنى، كۆچلۈك كۈن نۇرى بولۇش؛ 2) قارىغايلىق بولۇش، چۈنكى باشقا دەرەخلەردە دېۋىرقاي بولمايدۇ؛ 3) تازا توغرا كېلىشى، يەنى ئۆمۈچۈك دەل

چىۋىنغا ئىتىلغان چاغدا، چوڭ بىر تامچە دېۋىرقاي دەرەخ-تىن تېمىپ چۈشۈشى كېرەك؛ 4) دېۋىرقاي ئۈزلۈكسىز تۆردە تېمىپ تۇرۇشى لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، چىۋىن بىلەن ئۈمۈچۈكنى دېۋىرقاي ئىچىگە قاتمۇقات ئورىۋېلىپ، دېۋىرقاي شارچىسىنى ھاسىل قىلالايدۇ. ئاپتور بۇ تۆت شەرتتىن بىرى كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى مۇلاھىزە قىلغان.

ئىككىنچى نۇقتا، دېۋىرقاي شارچىسى قانداق شارائىت-تا قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ قېلىپ، تاشقا ئايلانغان؟ بۇ جەريانغا قانداق شەرتلەر كېرەك؟ بىرىنچىدىن، ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت، بىرنەچچە مىڭ يىل، 10 مىڭ يىلدىن ئار-تۇق ۋاقىت كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، قۇرۇقلۇق پەسىيىپ، دېڭىز سۈيى كۆتۈرۈلۈشى كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، دېڭىز سۈيى ئورماننى بېسىپ، دولقۇنلار دەرەخ غوللىرىغا ئۇرۇ-لۇۋېرىپ، دەرەخلەرنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىپ، ئاستا - ئاستا چىرىتىشى كې-رەك؛ تۆتىنچىدىن، دېۋىرقاي شارچىسى قۇمغا كۆمۈلۈپ، تاشقا ئايلىنىشى كېرەك. ئاپتور بۇ شەرتلەرنىمۇ مۇلاھىزە قىلىپ، كۆزدە تۇتقان.

ئۈچىنچى نۇقتا، تاشقا ئايلانغان بۇ نەرسە قانداق بايقال-غان؟ بۇ يەردىمۇ ئىككى شەرت ئېيتىلغان. 1) دېڭىز دولقۇنى دېڭىزدىكى قۇم - لاتقىلارنى قىرغاقق سۈرگەندە، تاشقا ئايلانغان بۇ نەرسىنى قىرغاققا چىقىرىپ قويغان؛ 2) بىر بالا دادىسى بىلەن بىللە دېڭىز ياقىسىغا كېلىدۇ. بالا قاتتىق بىرنەرسىنى دەسسىۋېلىپ، ئۇنى قېزىپ چىقىرىپ، دادىسىدىن ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورايدۇ، دادىسى ئۇ-

نىڭ كەھرىۋا ئىكەنلىكىنى ئىپتىدۇ . ئەگەر بالا يالغۇز بول-
سا ، بۇنىڭ كەھرىۋا ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى . ئاپتور بۇلار-
نىمۇ مۇلاھىزە قىلىپ ، نەزەردە تۇتقان .

بىز بۇ ئەسەردىن ئىككى نۇقتىنى بىلىۋالىمىز :

1 . ئەسەر يازغاندا ، يازماقچى بولغان مەزمۇنلارغا ئاسا-
سەن ، بىرنەچچە مۇھىم نۇقتىنى ئوبدان مۇلاھىزە قىلىۋې-
لىش كېرەك . مۇھىم نۇقتىلارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرغاندى-
لا ، مەسىلىلەرنى ئېنىق سۆزلەپ بەرگىلى بولىدۇ .

2 . مۇھىم نۇقتىلارنى بايان قىلغاندا ، ھەربىر مۇھىم
نۇقتىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى تەرتىپ بويىچە ئەتراپلىق
مۇلاھىزە قىلىپ ، كونكرېت بايان قىلىش كېرەك .

# يەتتىنچى مەشىق

1 . تۆۋەندىكى پارچىنى ئىچىڭىزدە ئوقۇپ ، ئۇنى نەچچە ئابزاسقا بۆلۈشكە بولىدىغانلىقىنى ، ھەربىر ئابزاسنىڭ مەزمۇنى نېمە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىڭ :

١ پوچتا تىلغا ئېلىنسىلا ، خەت - ئالاقە ئىشلىرى خىيالىڭىزغا كېلىدۇ . ئىلگىرى پوچتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى خەت - چەكلەرنى ئاپتوموبىل ، پاراخوت ، ئايروپىلان قاتارلىقلار بىلەن بىر جايدىن يەنە بىر جايغا يەتكۈزۈپ ، يىراق يەرلەردىكى دوست - ئاغىنە ، ئۇرۇق - تۇغقانلارنى دائىملىق ئالاقىلىشىپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى .

٢ ئېلېكترون تېخنىكىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشى ۋە خەلقئارا ئالاقە تورلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ ، ھازىر ئېلېكترونلاشقان پوچتا مەيدانغا كەلدى . ئېلېكترونلاشقان پوچتا دېگەن نېمە؟ بۇنى ئىككى جەھەتتىن سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ .

٣ خەت - چەكلەرنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا ، ئىلگىرى (ھازىرمۇ بۇ خەت - چەك ئۇسۇلى قوللىنىلىۋاتىدۇ ) سالام خەتلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك سالام خەتكە ئەۋەتكۈچىنىڭ ئېيتماقچى بولغان سۆزلىرى يېزىلىپ لېپاپىغا سېلىناتتى . ئاندىن پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىلەتتى ، ھازىرقى ئېلېكترونلاشقان پوچتا ئىشلىرىدا ئېيتىلماقچى بولغان سۆزلەر ئېلېكترون تېخنىكىسى ئارقىلىق ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا ئېلىنىپ ، ئاندىن يىراق جايلارغا يەتكۈزۈلىدىغان بولدى . قارشى تەرەپ لېنتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، ئۈنئالغۇ ياكى سىنئالغۇدا قويسىلا ، خەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەۋەتكۈچىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالايدۇ ياكى خەت ئەۋەتكۈچىنىڭ سىماسىنى كۆرەلەيدۇ ، بۇ ، خېتىنىلا كۆرۈپ ئىگىسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان پوچتا ئالاقە ئۇسۇلىغا قارىغاندا كۆپ دەرىجىدە ئىلغار - دە !

يەتكۈزۈش ئۇسۇلىدىن قارىغاندا ، خەت - چەكلەر ئاساسەن ئاپتوموبىل ، پويىز ، پاراخوت ، ئايروپىلان قاتارلىقلار بىلەن يەتكۈزۈلىدۇ ، بۇنىڭغا ئۇزاق ۋاقىت ۋە كۆپ ئەمگەك سەرپ قىلىنىدۇ ، بەزىدە يەنە ئاسانلا خاتالىق يۈز بېرىدۇ . بولۇپمۇ خەلقئارا پوچتا يوللانمىلىرى كۆپ قېتىم توشۇش ، ئايلىنىپ يۈرۈش ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدىغان بولغاچقا ، ئايروپىلان ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن خەتكىمۇ بىرنەچچە كۈن كېتىدۇ . ئەگەر ئادەتتىكى خەت بولسا ، بەزىدە ئۇنى يەتكۈزۈشكە بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت كېتىدۇ . ئېلېكترونلاشقان پوچتىدا پوچتا يوللانمىلىرىنى يەتكۈزۈشتە بۇنداق ۋاستىلەرگە تايىنىلمايدۇ . ئۇنداقتا ، نېمىگە تايىنىلىدۇ ؟ ئېلېكترونغا تايىنىلىدۇ . يەنى ، ئىلغار ئېلېكترون ئۇسكۇنىلىرى ۋە تەرەپ - تەرەپكە تۇتىشىدىغان ئالاقە لىنىيىلىرى ئارقىلىق ھەر خىل ئۇچۇرلار ئېلېكترون سىگنالىغا ئايلاندۇرۇلۇپ ، سېكۇنتىغا 300 مىڭ كىلومېتىر تېزلىكتە يەتكۈزۈلىدۇ . ئويلاپ كۆرۈڭ ، بۇ ئادەتتىكى پوچتىدىن قانچە ھەسسە تېز بولىدۇ ؟

2 . «مەن ۋە xx» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالە يېزىڭ . ئاۋۋال بىرنەچچە مۇھىم نۇقتىنى ئويلىنىۋېلىپ ، ھەربىر مۇھىم نۇقتىغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى مۇلاھىزە قىلىۋېلىپ ، ئاندىن كونكرېت يېزىپ چىقىڭ .

# 17* . ھەسەن ـ ھۈسەن

بۇرۇنقى زاماندا بىر دېھقان بولۇپ ، ئۇنىڭ بىر ئوغۇل ، ئۈچ قىزى بار ئىكەن . ئوغلىنىڭ ئىسمى بەھرەم ، چوڭ قىزىنىڭ ئىسمى پاتىمە ، ئوتتۇرانچى قىزىنىڭ ئىسمى زۆھرە ، كەنجى قىزىنىڭ ئىسمى نۇرسىمان ئىكەن . پاتىمە بىلەن زۆھرە قوشماق ئىكەن . چىراي ـ شەكلى ، كىيگەن كىيىمى ، خۇلق ـ مىجەزى ئوپمۇئوخشاش ئىكەن . پاتىمە بىلەن زۆھرە ئوخشاش بىر كۈندە ياتلىق قىلىنىپ ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغان بولسىمۇ ، ھەر پەيشەنبە كۈنى ئازنىلىققا كېلىپ ئانىسى ، دادىسى ، ئاكىسى ، سىڭلىسىنىڭ دىدارىغا قېنىپ ، خۇددى بالا ۋاقتىدىكىدەك كۆل بويىغا ئىلەڭگۈچ سېلىپ بىللە ئۇچۇپ كۆڭۈل ئاچىدىكەن . زۆھرە ئېغىر ئاياغ بولغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئاۋۋالقىدەكلا پاتىمە ، نۇرسىمانلار بىلەن بىللە ئىلەڭگۈچ ئۇچۇپ مۇنداق قوشاق ئېيتىشىپتۇ :

پاتىمە : ئىلەڭگۈچۈم ـ ئىلەڭگۈچ ،  
چىڭ ئىتتىرەي ، كۆكنى قۇچ .  
دوپپا قىلىپ بېشىمغا ،  
كۆكنى كىيەي ، ئېگىز ئۇچ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زۆھرە : ئوڭ يېنىمدا قىزىل خال ،
سول يېنىمدا يېشىل خال .
چۈشۈپ لەرزان ئۇسسۇلغا ،
ئويناپ بېرىك مەجنۇنتال .

پاتىمە : ئاينى ئۈزۈپ ئالاي مەن ،
كۈننى ئۈزۈپ ئالاي مەن .
ئۈزۈپ يۇلتۇز بوينۇمغا ،
مارجان قىلىپ ئاساي مەن .

زۆھرە : ئانام كېلىپ كۆرسۇنچۇ ،
دادام كېلىپ كۆرسۇنچۇ .
ئېگىز ـ ئېگىز ئۇچاي مەن ،
قۇشلار كېلىپ كۆرسۇنچۇ .

ئىككىسى : ئىلەڭگۈچۈم ـ ئىلەڭگۈچ ،
چىڭ ئىتتىرەي ، كۆكنى قۇچ !...

ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى تازا ئەۋجىگە چىققاندا قىسمەت كاجلىق قىلىپ ، ئارغامچىنىڭ بىر تەرىپى «تارسىسدە» ئۈزۈلۈپتۇ ـ دە ، زۆھرە «پولتۇڭىدە» كۆلگە چۈشۈپ كېتىپتۇ . پاتىمە ، نۇرسىمانلار قورقۇپ كېتىپ تەڭلا ئۇن سېلىپ يىغلاپتۇ . دادىسى ، ئاپىسى ، ئاكىسى ۋە قولۇم ـ قوشنىلار كېلىپ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئېچىنىپ زار يىغلاپتۇ .
ئۇ كۆل ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ ، سۇنىڭ سۈزۈكلۈ-

كىدىن تېگىدىكى ھەممە نەرسە كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن . زۆھرە كۆل تېگىگە چۈشۈپ كەتكىنى بىلەن ھېچنېمە بولمىغانـمىش . ئۇنىڭغا كۈندۈزى مالائىكىلەر ، كېچىسى پەرىشتىلەر ھەمراھ بولىدىكەن . كۆل ئۈستىدە دادىسى ، ئانىسى ، ئاكىـسى ، ئاچىسى ، سىڭلىسى يىغلاپ نالە ـ زار قىلغاندا ، كۆل تېگىدە زۆھرە پەرياد چېكىدىكەن .

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ ، ئايلار ئۆتۈپتۇ . زۆھرەنىڭ كۆزى يورۇپ بىر جۈپ ئوغۇل تۇغۇپتۇ . مالائىكىلەر ئالتۇن بۆـشۈك ، پەرىشتىلەر كۈمۈش بۆشۈك ھەدىيە قىپتۇ . ئۇ بىر بالىسىنى ئالتۇن بۆشۈككە ، بىر بالىسىنى كۈمۈش بۆشۈككە بۆلەپ تەۋرىتىدىكەن . زۆھرەنىڭ دادىسى كېلىپ :

ئاق قىزىم ، ئاپئاق قىزىم ،
مەن قىلاي قانداق قىزىم ؟
تەندە قۇۋۋەت ـ جانىم يوق ،
دەردىڭىزدە ھالىم يوق .
دەردىڭىزگە يېتەلىسەم ،
ئارمىنىم يوق جان قىزىم .
قايغۇ ـ ئەلەم دەردتىن مەن
باغرىم بولدى قان ، قىزىم .

دەپ ئىدا قىلسا ، زۆھرە سۇ تېگىدە تۇرۇپ :

ئوڭ يېنىمدا ئالتۇن بۆشۈك ،
سول يېنىمدا كۈمۈش بۆشۈك .
قانداق قىلاي جېنىم دادا ؟

دەپ ھەسرەتلىك يىغلاپ كېتىدىكەن . ئانىسى كېلىپ :

ئاھ قىزىم ، ئاپئاق قىزىم ،
قويدىڭىز مېنى دەردتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قايغۇ ـ ئەلەم ، ھەسرەتتە .
ئاھ ... مېنىڭ ئامراق قىزىم .
دەپ نالە قىلسا ، زۆھرە :
ئوڭ يېنىمدا ئالتۇن بۆشۈك ،
سول يېنىمدا كۈمۈش بۆشۈك .
قانداق قىلاي جېنىم ئانا ؟
دەپ پەرياد چېكىدىكەن . ئاكىسى كېلىپ :
سىردىشىم ، قېرىندىشىم ،
بولدى يامغۇر كۆز يېشىم .
سىزگە كەلگەن بۇ دەردلەر ،
قايغۇ ـ ئەلەم ھەسرەتلەر ،
ماڭا كەلسە بولمامدۇ ؟
تەقدىر شۇنداق بولغانمۇ ؟
ئاھ سىڭلىم ، جېنىم سىڭلىم ،
چارەم يوق مېنىڭ سىڭلىم ! ...
دەپ ئاھ ئۇرسا ، زۆھرە :
ئوڭ يېنىمدا ئالتۇن بۆشۈك ،
سول يېنىمدا كۈمۈش بۆشۈك .
قانداق قىلاي جېنىم ئاكا ؟
دەپ ئېزىلىپ يىغلاپ كېتىدىكەن . پاتمە كېلىپ :
ئاھ سىڭلىم ، جېنىم سىڭلىم ،
بارمۇ سىز جېنىم سىڭلىم ؟
چىرايىمنىڭ قېنى يوق ،
ھەسرىتىمنىڭ تېگى يوق .
قانداق قىلاي مەن سىڭلىم ،
سۆزى شېرىن — قەنت سىڭلىم .



دەپ ياش تۆكسە، زۆھرە:
ئوڭ يېنىمدا ئالتۇن بۆشۈك،
سول يېنىمدا كۈمۈش بۆشۈك.
قانداق قىلاي جېنىم ئاچا؟
دەپ مۆڭلىنىدىكەن. نۇرسىمان كېلىپ:
گۈل ئىدىڭىز، مەن غۇنچە،
سىز بىر سەدەپ، مەن ئۈنچە...
ئايرىۋەتتى كىم بىزنى؟
سېغىندىم ئەجەب سىزنى.
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى،
قانداق قىلاي بۇ دەردنى؟...
ئاچا ـ ئاچا، جېنىم ئاچا،
مېھرى ئىسسىق جېنىم ئاچا،
خۇشلۇق كەتتى چېھرىمدىن.
بۇلبۇل كەتتى بېغىمدىن،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئايرىلدىم مەن سىنىڭدىن .
قانداق قىلاي مەن ئاچا ؟
تاتلىق ئاچا ، قەنت ئاچا .
قاچان سىزنى كۆرەرمەن ؟
بىللە ئويناپ يۈرەرمەن ؟
دەپ نالە ـ زار ئەيلىسە ، زۆھرە :
ئوڭ يېنىمدا ئالتۇن بۆشۈك ،
سول يېنىمدا كۈمۈش بۆشۈك .
قانداق قىلاي جېنىم ئۇكام ؟
دەپ مىڭ كۆز بىلەن تەلمۈرۈپ قارايدىكەن .

زۆھرەنىڭ دادىسى ، ئانىسى ، ئاكىسى ، ئاچىسى ، سىڭلىسى كۆلنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ، سۇنىڭ تېگىدىكى زۆھرەنى كۆرۈپ ، ئاۋازىنى ئاڭلىسىمۇ زۆھرە سۇنىڭ تېگىدە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان بىلەن دىدارىنى كۆرەلمەيدىكەن . ئىككى قولىدا ئىككى بۆشۈكنى تەۋرىتىپ ، ئانىسىنى سېغىنسا :

ئانام ـ ئانام جېنىم ئانام ،
يادىڭدىمۇ مىسكىن بالاڭ ؟
قايغۇ ـ ئەلەم باستى مېنى ،
غەم دارىغا ئاستى مېنى .
سوزسام قولۇم يەتمەس ساڭا ،
قانداق قىلاي جېنىم ئانا ؟ ...
دەپ قوشاق قوشۇپ يىغلىسا ، دادىسىنى سېغىنىپ :
ھالىڭ نېچۈك تەمكىن دادا ،
قۇتقۇز مېنى غەمدىن دادا .
بولدۇم خاراب ، باغرىم كاۋاپ ،

ئەزدى مېنى بۆ دەرد ـ ئازاب .
قانداق قىلاي جېنىم دادا ؟...
دەپ ھەسرەت چېكىدىكەن ، ئاكىسىنى سېغىنىپ :
ئاكا ـ ئاكا جېنىم ئاكا ،
دەردىم تولا مېنىڭ ئاكا .
غېمىمنى كۆپ يېگەنتىڭىز ،
ئۆچماڭ ئېگىز دېگەنتىڭىز .
ئۆچۆپ ـ ئۆچۆپ چۈشتۈم بۇيان ،
كۆز ياشلىرىم بولدى قىيان .
دەپ زار ـ زار يىغلايدىكەن . ئاچىسىنى ياد ئېتىپ :
ئاچام قېنى ، ئاچام قېنى ؟
تېزرەك كېلىپ قۇتقۇز مېنى .
جان ئاچامنى كۆرگۈم كېلەر ،
چىڭ قۇچاقلاپ سۆيگۈم كېلەر .
قوشماق ئىدۇق ئايرىلمىغان ،
نوتا شېخى قايرىلمىغان .
تەتۈر پەلەك سالدى جاپا ،
قانداق قىلاي جېنىم ئاچا ؟ ! ...
دەپ ئاھۇپەرياد چېكىدىكەن . سىڭلىسى كۆز ئالدىغا كەلسە :
سىڭلىم گۈلى ، كۈننىڭ نۇرى ،
ئۆيىمىزنىڭ شوخ بۇلبۇلى .
كۈنگە بېقىپ ، نۇرغا چۆمۈپ ،
ئايغا بېقىپ ئويغا چۆمۈپ ،
ئويلاپ مېنى يۇرەمسىنا ؟
قېرىنداشلىق ئوتى يامان ،
دەردىم تولا رەڭگىم سامان .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاھىمنى سەن ئاڭلا جاھان .
سىڭلىم گۈلى بولسۇن ئامان ،
بولسۇن ئامان ، بولسۇن ئامان .
قەست قىلسىمۇ يىلان ـ چايان .
سىڭلىم گۈلى ئايىنىڭ نۇرى ،
ئۆيىمىزنىڭ شوخ بۇلبۇلى .
خۇشال سايراپ يۈرەمسىنا ؟
ئويلاپ مېنى يۈرەمسىنا ؟
چۈشۈڭدە بىر كۆرەمسىنا ؟

دەپ يىغلاپ ھوشىدىن كېتىدىكەن .

زۆھرە شۇنداق ھەسرەت ـ نادامەت چېكىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۆلدە بىر كارامەت يۈز بېرىپتۇ . كۆل قۇرۇپتۇ . دادىسى ، ئانىسى ، ئاكىسى ، ئاچىسى ، سىڭلىسى كېلىپ كۆلنىڭ تېگىگە قارىسا زۆھرە يوق . ئۇلار تەڭلا «ئاھ» دەپ ئاسمانغا قارىغانىكەن ، زۆھرە يۇلتۇز بولۇپ كۆكنىڭ قەرىدە تۇرارمىش . ئىككى ئوغلى ھەسەن بىلەن ھۈسەن چوڭ بولۇپ ، بىلىگە بىرى قىزىل ، بىرى يېشىل شايى بەلۋاغنى باغلاپ ، كۆكنى ھېلىلا يەرگە چۈشۈرىدىغاندەك قاراپ تۇرارمىش .

رىۋايەتتە ھەسەن ـ ھۈسەن شۇنداق پەيدا بولغان ، دېگەن گەپ بار .

## كۆنۈكمە

1 . بۇ چۆچەكنى روللارغا بۆلۈنۈپ ، ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار .

2 . چۆچەكنىڭ تىل گۈزەللىكىدىن قانداق ھوزۇرلان-
غانلىقىڭىزنى مىسال بىلەن سۆزلەپ بېقىڭ .
3 . بۇ چۆچەكنى يادلىۋېلىڭ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# 18 . تىلنىڭ پايدىسى ۋە زىيىنى ھەققىدە①

ئەقىل ھەم بىلىم تەرجىمانى بۇ تىل ،
روشەن تىل كىشىنى يورۇتقۇچى ، بىل !

قەدىرلىك قىلار تىل ، تاپار بەخت كىشى ،
قىلار ئەرنى تىل خار ، كېتەر ھەم بېشى .

ئىشىكتە تۇرار ئارسلاندۇر بۇ تىل ،
ئەي ئۆيلۈك ھەزەر قىل ، بېشىڭ يەيدۇ ، بىل .

① بۇ تېكىستنىڭ ئاپتورى قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ، ئەدىب ، دانىشمەن ۋەزىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ (1019 — 1085 ـ يىللار) . بۇ تېكىست ئۇنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىن ئېلىندى . يەشمىسى ئاساس قىلىندى .

نېمە دەيدۇ تىلدىن جاپا كۆرگەن ئەر ،
قۇلاق سال ، ئەمەل قىل ، دىققىتىڭنى بەر :

جاپا سالدى تىلىم ماڭا كۆپ قېتىم ،
كېسىلمەستە بېشىم ، كېسەي مەن تىلىم .

سۆزۈڭنى كۆزەتكىن ، بېشىڭ كەتمىسۇن ،
تىلىڭنى كۆزەتكىن ، چىشىڭ سۇنمىسۇن .

ئېسەنلىك تىلىسەڭ ئەگەر سەن ئۆزۈڭ ،
تىلىڭدىن چىقارما ياراقسىز سۆزۈڭ .

بىلىپ سۆزلىسە سۆز ، بىلىم سانىلۇر ،
بىلىمسىز سۆزى ئۆز بېشىنى يەيۇر .

تولا سۆزدە ئارتۇق پايدا كۆرمىدىم ،
يەنە سۆزلىمەيمۇ پايدا تاپمىدىم .

تولا سۆزلىمە سۆز ، بىرەر سۆزلە ئاز ،
تۈمەن سۆز تۇگۈنىنى بۇ بىر سۆزدە ياز (يەش) .

بۇ تىل پايدىسى كۆپ ، زىيىنىمۇ تولا ،
ئارا ماختىلۇر ، مىڭ سۆكۈلۈپ ئارا .

ئەگەر مۇنداق بولسا ، بىلىپ سۆزلە سۆز ،
سۆزۈڭ بولسۇن كۆزسىز قارىغۇ ئۈچۈن كۆز .

ئېنىقكى، بىلىمسىز بىر قارىغۇ ئىرۇر،
بىلىمدىن نېسىۋە ئال، بىلىمسىزدىن نېرى تۇر.

تۇغۇلغان ئۆلەر، كۆر، قالۇر بەلگىسىز،
سۆزۈڭ ياخشى بولسا، ئۆزۈڭ ئۆلگۈسىز.

ئەر ئىككى نېمىدىن قېرىماس ئۆزى،
بىرى ياخشى ئىش، بىرى ياخشى سۆز.

## كۆنۈكمە

1 . بۇ شېئىرنى ھېسسىياتلىق، توغرا، راۋان ئوقۇڭ.

2 . سۆز قىلغاندا توغرا، مەدەنىي سۆزلەش، سورۇنغا بېقىپ سۆزلەش ئەقەللىي ئەخلاق. ئەمما، نۇرغۇن كىشىلەر قوپال، بولمىغۇر، كىشىلەرنىڭ زىتىغا تېگىدىغان، كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلىدىغان سۆزلەرنى قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان. ئۇلۇغ بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تىلنىڭ پايدىسى ۋە زىيىنى توغرۇلۇق يازغانلىرىنى ئوقۇپ، بۇ جەھەتتە قانداق تەربىيىگە ئىگە بولغانلىقىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ.

3 . بۇ شېئىردا قانداق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر قوللىنىلغان؟ تېپىپ بېرەلەمسىز؟

4 . ئۇلۇغ بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ
«تولا سۆزدە ئارتۇق پايدا كۆرمىدىم
يەنە سۆزلىمەيمۇ پايدا تاپمىدىم.»
دېگەن مىسرالىرىنى قانداق چۈشەندىڭىز؟ چۈشەنچىڭىزنى

سۆزلەپ بېقىڭ .

5 . ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ئىچىدىن تىلغا مۇناسىۋەتلىك ماقال ـ تەمسىللەرنى تېپىپ كېلىڭ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## 19 . گۆھەر تىلىم ، زەر تىلىم①

تىل ئالاقە قورالى ، تىل قەلبىنىڭ ئەينىكى ،
تىل ئادەمنى ، ئالەمنى باغلاپ تۇرغان زەر رىشتە ؛
تىل خەزىنە ، تىل ھېكمەت ، تىل مۇھەببەت كۆۋرۈكى ،
تىل ھايۋاننى ئىنسانغا ئايلاندۇردى پەرۋىشتە .

تىل نادانغا پەم بېرىپ ، تىل زۇۋانغا تەم بېرىپ ،
ھاياتلىقنىڭ ئابادى مېھىر تاپتى سۆيۈكتە .
شۇڭا ھەربىر قوۋمچۇن مەيلى كىچىك - چوڭ بولسۇن
ئانا تىلى — ئۆز تىلى شۇنچە ئۇلۇغ ، بۈيۈك - تە… !

ئۇيغۇر تىلى ئۇۋاق تىل ، ئۇيغۇر تىلى ئوماق تىل ،
سەككىز مىليون بولبۇلنىڭ ئاشۇ تىلدا ناۋاسى ؛

① بۇ شېئىرنىڭ ئاپتورى روزى سايىت (1944 — 2001 - يىللار) .

ئۇيغۇر تىلى كىچىك تىل ، ئەمما تاتلىق ، چۇچۇك تىل ،
مەن شۇ تىلنىڭ شەيداسى ، مىراسخورى — ھەغداسى .

ئۇ — ئانا تىل ، ئانامغا ، ئانىسىدىن يادىكار ،
مەن بۇ تىلنى ئۆگەنگەن زاكامدىكى چاغلاردا ؛
ئاشۇ ئانا تىل بىلەن ئوۋلاپ جانان مەيلىنى ،
پاراڭلاشقان ، سىرداشقان ئالمىزارلىق باغلاردا ...

بوۋام مۇشۇ تىل بىلەن يۈرىكىمگە پىچىرلاپ ،
ۋاپادارلىق ، مەردلىكنىڭ مىزانىنى بىلدۈرگەن ؛
ئوغلۇم ، قىزىم ھەر كۈنى تۇمۇچۇقتەك ۋىچىرلاپ ،
ھاياجانغا چۆمدۈرگەن ، مۇرادىمنى كۈلدۈرگەن .

مۇشۇ تىلدا نەۋائى كىيگەن ناۋا تاجىنى ،
شا مەشرەپنى مۇشۇ تىل ئىرىشتۈرگەن شەرەپكە ؛
يۈسۈپكە «خاس ھاجىپ»لىق ئاتا قىلغان مۇشۇ تىل ،
مەھمۇد بوۋام شۇ تىلدا دەرس ئۆگەتكەن ئەرەبكە .

مەن شۇ ئانا تىل بىلەن پەرۋاز قىلىپ ئىجادتا ،
زېمىستاننى لەنەتلەپ ، تاڭغا مەڭىز - يۈز ياقتىم ؛
كۈلسە يۇرتۇم تەڭ كۈلدۇم ، ئەل يىغلىسا ياش تۆكتۇم ،
بىللە كۆيدۇم ئوتىدا ، سۈلىرىدا تەڭ ئاقتىم .

مەن شۇ ئانا تىل بىلەن باغاشلىدىم باھارنى ،
گۈل - چېچەككە پۈركەنگەن چىمەنلەرنى ئارىلاپ ؛

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەن كۆلىمەن ، قوۋمىمنى كۆلدۈرىمەن قەلەمدە ،
تىلغا ئۆنگەن هارام شاخ ، كۆتەكلەرنى پارچىلاپ !

شۇڭا دەيمەن : ئۆز تىلىم — گۆھەر تىلىم ، زەر تىلىم ،
بوپقالغىنى ئۆششاق تىل ئەمەس ھەرگىز ئىللىتى .
زەررە كىچىك ، ئاتوم شۇ زەررىلەردىن تۈزۈلگەن ،
مېنىڭ تىلىم ئاشۇنداق ئاتومچە بار قىممىتى !

ئەي تەڭرىتاغ پەرزەنتى ، ئۆزۈڭ سەپەر كارۋىنى ،
سىيپىماقتا مەڭزىڭنى تاڭنىڭ مەيىن ساباسى .
مۇھەببەتلىك باغاشتا كۆلۈپ ، يايرا ، ياڭرىسۇن
سەككىز مىليون شاد دىلنىڭ ئانا تىلدا ناۋاسى !

2[illegible] - يىل 2[illegible] - ماي ، خوتەن .

## كۆنۈكمە

1 . شېئىرنى ھېسسىيات بىلەن كوللېكتىپ دېكلاماتسىيە قىلىڭلار .
2 . شائىرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئۆز تىلىڭىزغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېقىڭ .
3 . بۇ شېئىرنى يادلىۋېلىڭ .

بۇ شېئىرنى يادلىۋېلىڭ

# سەككىزىنچى مەشىق

1 . تىرناق ئىچىگە تۆۋەندە بېرىلگەن سۆز ۋە قوشۇمچىلارنىڭ مۇۋاپىقلىرىنى قويۇڭ :

... قالماستىن ... بەلكى ... لىقتىن

گەرچە ... لېكىن ...

ئەگەر ... ئۇ ھالدا ...

ياكى ... ياكى ...

پەقەت ... لا ...

1 ) گۈلنار تىرىشىپ ئوقۇغان ( لىقتىن ) ، نەتىجىسى ئەلا بولدى .

2 ) ( گەرچە ) مومامنىڭ چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن بولسىمۇ ، ( لېكىن ) ھەرىكىتى ناھايىتى چاققان .

3 ) يەكشەنبە كۈنلىرى مەن گۈلسۈم بىلەن دائىم ئۈچرىشىپ تۇرىمەن ، ( ياكى ) مەن ئۇنى ئىزدەپ بارىمەن ، ( ياكى ) ئۇ مېنى ئىزدەپ كېلىدۇ .

4 ) ( پەقەت ) سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگودا ( لا ) ، بالىلار بەختىيار ياشىيالايدۇ .

5 ) مۇئەللىم ئۆگىنىشىمىزگە كۆڭۈل بۆلۈپلا ( قالماستىن ) ، ( بەلكى ) تۇرمۇشىمىزغىمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ .

6 ) ( ئەگەر ) بىز ھازىردىن باشلاپ تىرىشىپ ئوقۇمىساق ، ( ئۇ ھالدا ) كېلەچەكتە ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشتەك

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئېغىر مەسئۇلىيەتنى زىممىمىزگە ئالالمايمىز .

2 . تۆۋەندىكى پارچىنى ئىچىڭىزدە ئوقۇپ ، ئۇنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى نېمە ئىكەنلىكىنى ، نەچچە قاتلام مەنە بويىچە يېزىلغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىڭ :

نۇرغۇن كىشىلەر باللىق دەۋرىدە «نېمە ئۈچۈن» دەپ سوراشقا ئامراق كېلىدۇ . ئاسماندىكى يۇلتۇزلار نېمە ئۈچۈن يەرگە چۈشۈپ كەتمەيدۇ ؟ سۇ نېمە ئۈچۈن ئېگىزگە ئاقمايدۇ ؟ ئادەملەر نېمە ئۈچۈن كېسەل بولىدۇ ؟ ئۆسۈملۈكلەر نېمە ئۈچۈن چېچەكلەيدۇ ؟ رادىئو نېمە ئۈچۈن ناخشا ئېيتالايدۇ ؟ ··· ۋەھاكازالار .

ئۇلۇغ كەشپىياتچى ئېدىسونمۇ شۇنداق ئىدى . باشقىلار تەبىئىي ، دەپ قارايدىغان نەرسىلەر توغرىسىدا ئۇ هامان «نېمە ئۈچۈن ؟» دەپ سورايتتى . قولۇم ـ قوشنىلىرى ئۇنى غەلىتە بالا ، دەپ قارىسا ، ئوقۇتقۇچى ئۇنى «چاتاق» تېرىپلا يۈرىدىغان بالا دەيتتى ، لېكىن ئۇ باشتىن ـ ئاخىر «نېمە ئۈچۈن» دەپ سورايدىغان ئادىتىنى تاشلىمىدى . «نېمە ئۈچۈن»لەرنىڭ جاۋابىنى تېپىش ئۈچۈن ، ئۇ ئۈزلۈكسىز تۈردە تەجرىبىلەر ئىشلەپ ، ئاخىرىدا 1000 دىن ئارتۇق تۈر بويىچە كەشپىيات ياراتقان ئۇلۇغ كەشپىياتچى بولۇپ قالدى .

بەزى ساۋاقداشلار كاللىسىنى ئىشلىتىشنى ياقتۇرمايدۇ ، سوئال سورا دېسە ، سوئال قويالمايدۇ . قانداق قىلىش كېرەك ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ئاڭلىق هالدا ئىزدىنىش لازىم .

سوئال قويغاندىن كېيىن ، ئۆزى ئاۋۋال قانداق هەل قىلىش كېرەكلىكى ئۈستىدە ئويلىنىشى زۆرۈر . ئۆزى هەل قىلالمىغاندا ، ئاندىن باشقىلارغا مۇراجىئەت قىلىشى كېرەك . باشقىلار ياردەملىشىپ هەل قىلىپ بەرگەندىن كېيىن ، يەنە ئۇلارنىڭ قانداق هەل قىلغانلىقىنى ، نەتىجىدە ئۆزىنىڭ نېمىنى بىلىۋالغانلىقىنىمۇ ئوبدان ئويلىشى لازىم .

كىتاب ئوقۇغاندىمۇ شۇنداق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . بىز بىرەر

پارچە ماقالە ياكى ئەسەرنى ئوقۇپ ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى بىلە-ۋالغاندىن كېيىن ، ئاپتورنىڭ بۇ ماقالە ياكى ئەسەرنى نېمە ئۈچۈن يازغانلىقى ، بىزگە نېمىلەرنى دېمەكچى بولغانلىقى ، نېمە ئۈچۈن بەزى جايلىرىنى شۇ قەدەر تەپسىلىي يازغانلىقى ، يازغانلىرىنىڭ توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكى قاتارلىقلارنى ئويلاپ كۆرۈش كېرەك . شۇلارنى ئويلاپ كۆرگىنىمىزدە ، ماقالە ياكى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ، تېخىمۇ تولۇق بىلىۋالالايمىز ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ، تېخىمۇ ئەقىللىق بولالايمىز . كاللىسىنى ئىشلىتىشنى ياقتۇرمايدىغانلار ھېچ-قانداق بىلىمگە ئېرىشەلمەيدۇ .

3 . تۆۋەندىكى كىچىك ھېكايىنى ئوقۇپ ، تۈزىتىشكە تېگىشلىك جايلىرىنى تېپىپ تۈزىتىڭ :

ئىلگىرى داۋۇت دېگەن بىر ئادەم بوپتىكەن ، ئۇ كىچىكىدە ئەقىل-لىق ئىكەن ، بىر كۈنى داۋۇت ۋە كىچىك دوستلار يول بويىدا ئويناۋې-تىپ ، بىر تۈپ نەشپۈت دەرىخىنى بايقاپ قاپتۇ . نەشپۈتلەر شاخ - شېخىنى كۆتۈرەلمەي ، غۇچچىدە بولۇپ كەتكەنىكەن . پەقەت داۋۇتلا قىمىر قىلماپتۇ . كىچىك دوستلار بەس - بەستە دەرەخكە چىقىپ ئۈزۈۋېتىكەن ، بىر ئادەم داۋۇتتىن : «سەن نېمىشقا دەرەخكە چىقىپ نەشپۈت ئۈزۈپ يېمەيسەن ؟ » دەپ سوراپتۇ .

كىچىك دوستلار نەشپۈتنى ئۈزۈپ چۈشۈپ يەپتىكەن ، دەرۋەقە ئاچچىق ئىكەن ؛ ھەممەيلەن ئۇنىڭغا قايىل بوپتۇ .

داۋۇت سالماق ھالدا مۇنداق دەپتۇ : «ئۇ چوقۇم ئاچچىق ، چۈنكى يولدىن ئۆتكۈچىلەر ئۇنى يەپ تۈگەتكەن ، بۇ نەشپۈت دەرىخى يول بويىدا ، ھازىر گەرچە ئۇنىڭ مېۋىسى شۇنچە نۇرغۇن بولسىمۇ . »

4 . تۆۋەندىكى مەسەلىنى ئوقۇڭ ھەمدە مەزمۇنىنى تەھ-لىل قىلىپ ، مۇتتەھەم خاراكتېرگە ئىگە كىشىلەرگە بول-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غان قارىشىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ .

## بۆرە بىلەن قوزا

كۈچلۈكلەر ئالدىدا ئاجىزلار ھامان گۇناھكار بولىدۇ .

*　*　*

ناھايىتى ئىسسىق بىر كۈنى بىر قوزا ئۆستەڭگە سۇ ئىچكىلى بېرىپتۇ ، خەيرىسىز كۈن ئىكەن ، بېرىپلا ئۇ شۇ يەردە پىرقىراپ يۈرگەن ئاچ بۆرىگە ئۇچراپ قاپتۇ . بۆرە ئۇنىڭغا يەر ئاستىدىن قاراپ ئوبدان يەم ئۇچرىدى ، دەپ ئويلاپتۇ ، شۇنداقتىمۇ ئانچە ئالدىراپ كەتمەي ، ئىشنى قائىدىگە توغرىلاپ قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ ۋارقىراپتۇ :

— قارا ، قاپ يۈرەكلىكىڭنى ! پاسكىنا تۇمشۇقۇڭنى تىقىپ سۈپ-سۈزۈك سۇنى (مېنىڭ سۇيۇمنى ) لايلىتىۋېتىپسەنغۇ ؟ ھىم ، يەنە تېخى ھېجىيىسەنا ؟ ھېلى بىكار قاپاق كاللاڭنى ئۈزۈپ تاشلايمەن !

— بۆرە پادىشاھ ئالىيلىرى ، ئىجازەت قىلسىلا ، مەن ئەھۋالنى ئېيتىپ باقاي ، مەن ئالىيلىرى سۇ ئىچىدىغان بۇ ئېقىنىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە تۇرىمەن . مەن ئۆزلىرىنى ئاچچىقلاندۇرغۇدەك ھېچبىر سە-ۋەنلىك ئۆتكۈزگىنىم يوق ، ئالىيلىرى ئىچىدىغان سۇنى بۇلغىغىنىم يوق ، بۇ يەردە تۇرۇپ بۇلغىغىلىمۇ بولمايدۇ .

— بۇ گەپچە ، مەن يالغان سۆزلەپتىمەن - دە ! ھۇ ئەبلەخ ! راستىنى دەپ باقە ، بۇرۇن مۇشۇنداق ئەدەپسىز گەپنى كىم قىلغان ؟ ھە ئەمدى ئېسىمگە كەلدى ، ئىككى يىل بۇرۇن مەن مۇشۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان چاغدا سەن بىر قېتىم دېگەن . بۇرادەر ، مەن ئۇنى ئۇنتۇغىنىم يوق ، ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن !

— لېكىن ، سىلى خاتالاشتىلا ، — دەپتۇ بەختسىز قوزا ، — مەن تېخى بىر ياشقىمۇ كىرگىنىم يوق .

— ئۇنداق بولسا چوقۇم ئۇ سېنىڭ ئاكاڭ .

— مېنىڭ ئاكام يوق ، ئالىيلىرى .

— ھە ، ئۇنداق بولسا سېنىڭ دوستۇڭ بولۇشى مۇمكىن ، يا بولمىسا تۇغقىنىڭ . شۇنداق ئەمەسمۇ . ئىشقىلىپ ساڭا ئوخشاش قوي- قوزىلار ، يەنە سىلەرنىڭ تايغىنىڭلار ، پادىچىڭلار — ھەممىڭلار ماڭا قەست قىلىش كويىدا ، ھەمىشە شۇ كويىدا يۈرىسىلەر ، پۇرسەت بولسىلا مېنى ئۆلتۈرسەم دەيسىلەر . مەن شۇنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ سەندىن ھېساب ئالمىسام بولمايدۇ !

— لېكىن مەنچۇ ، مەن سىلىگە نېمە گۇناھ قىلدىم ؟

— قۇرۇق گەپنى قوي ! ھېلىمۇ بىر كۈن ۋالاقشىدىڭ . سەن بىلەن ئىنچىكە ھېسابات قىلىپ ئولتۇرغۇدەك شۇنچە جىق ۋاقتى بار دەمسەن مېنى ، ھۇ ھايۋان ؟ سېنىڭ گۇناھىڭ شۇكى ... ، مەن سېنى يېمەكچى !

شۇنداق قىلىپ ، بۆرە قوزىنى چىشلەپ ئورماننىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ كېتىپتۇ .

5 . يىراقتىكى چوڭلارغا (دادىڭىز ، ئاپىڭىز ، ھامىمىڭىز ، ئاكىڭىز ، مومىڭىزنىڭ بىرىگە ) خەت يېزىپ ، ئۇلارغا باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتكەنلىكىڭىزنى يېزىپ ، ئۇلارنى سېغىنغانلىقىڭىزنى ، مەكتەپنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىنكى ئۈمىد - ئارزۇيىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭ . خەتنىڭ مەزمۇنى كونكرېت ، تەرتىپى ئېنىق ، مۇھىم نۇقتىسى گەۋدىلىك ، سۆزلىرى جايىدا بولسۇن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# سۆزلەرگە ئىزاھات

ئا

ئادەت كۆچى — بىرەر جەمئىيەت ياكى بىرەر مىللەت خەلقلىرى ئىچىدىكى ئىجتىمائىي ئەنئەنىۋى كۆچ؛ ئۇزاق ۋاقىتلار داۋامىدا كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى جەريانىدا شەكىللەنگەن، ئادەتكە ئايلانغان كۆچ.

ئە

ئەدىب — يازغۇچى، شائىر، قەلەمكەش.

ئەردەم — ئەدەپ - ئەخلاق.

ب

بىزار بولۇش — بىرەر ئىش ياكى ئادەمنى ياقتۇرماسلىق، ئۇنىڭدىن زېرىكىش، جاق تويۇش.

بۇرچ — زىممىگە ئېلىپ ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋەزىپە ياكى مەجبۇرىيەت.

بېجىرىم — ساغلام، ساق؛ ساپ، پاك؛ راۋۇرۇس، مەزمۇت.

بۇزغۇن — سۇنىڭ دولقۇنلىنىشىدىن ھاسىل بولغان ئاق كۆپۈك.

## پ

پىراق — ئەڭ يېقىن ، سۆيۈملۈك كىشى ۋە ئۆزى ئۇچۇن قەدىرلىك بولغان نەرسىدىن ئايرىلىش ، ھىجران .

پەرىزات — ھۆر ـ پەرى ، ئەڭ چىرايلىق ساھىبجامال خوتۇنقىز .

پېيىگە چۈشۈش — بىرەر ئىش ۋە مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇچۇن شۇ ئىشنىڭ غېمىدە بولۇپ ، ئۇنىڭ كەينىگە كىرمەك ، شۇ يولدا ھەرىكەت قىلماق .

پىنھان — كىشىنىڭ نەزىرىدىن خالىي ، كىشى نەزىرى ئاسان چۈشمەيدىغان ، خىلۋەت ، خالىي ؛ يوشۇرۇن ، مەخپىي جاي .

پەرۋاسىزلىق — دىققەت ـ ئېتىبارىنى قاراتماسلىق ، نەزەر سالماسلىق ، پىسەنت قىلماسلىق .

پەيزى — باشقىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ، زوق- شوق بېغىشلايدىغان ، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان خۇسۇسىيەت ، ئالاھىدىلىك ؛ گۈزەل ، چىرايلىق ، ياخشى ؛ ھۇزۇر ، راھەت .

پورتېرېت — كونكرېت ئادەملەرنىڭ ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن رەسىم .

## ت

تەشۋىش — ئەندىشە ، قورقۇنچ .

تىلسىمات — سېھىرلەپ قويۇلغان ، سېھىرلىك نەرسە ؛ ھېچكىم كىرەلمەيدىغان سېھىرلىك جاي ؛ ھەرقانداق سىرلىق نەرسە ؛ ئاجايىبات .

تېئودولىت — بۇلۇڭ ئۆلچەش ئۇچۇن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئەسۋاب .

تىلتۇمار — خۇراپىي چۈشەنچە بويىچە كۆز تېگىشتىن ، بالايىئا-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

پەتتىن ساقلايدىغان، ئىچىگە دۇئا پۈتۈلگەن قەغەز سېلىنغان ئۈچ
بۇرجەك نەرسە.
تەۋەللۇت — تۇغۇلۇش، تۇغۇش.

## ج

جىسمى — بەدىنى، تېنى، ۋۇجۇدى ياكى گەۋدىسى.
جۇزئىي — ئانچە چوڭ، مۇھىم، جىددىي بولمىغان، قىسمەن؛
ئانچىكى، ئەرزىمەيدىغان، ئەھمىيەتسىز.

## چ

چار پادىشاھ — كونا پادىشاھلىق تۈزۈمدىكى روسىيە پادىشاھى.
چولتا — قىسقا، كالتە؛ يېتىشمەيدىغان، يەتمەيدىغان.
چېرتيوژ — بىرەر نەرسىنىڭ خەرىتىسى.

## خ

خۇنۇك — تۇتۇق، غۇۋا؛ قانسىز، كۆرۈمسىز، سەت.
خەيرىخاھلىق — ھېسداشلىق، ئىچ ئاغرىتىش.
خىتاب — مۇراجىئەت قىلىش.
خالىس — شەخسىيەتسىز، ئادىل.
خورسىنىش — ئۇھ تارتىش.

## د

دىلكەش — قەلبىنى چۈشىنىدىغان، سىرداش، مۇڭداش.

دىلخۇمار — قەلبى تەلپۈنىدىغان، كۆڭلىگە ياقىدىغان، يۈرىكى تەشنا.

دامخور — داملاشقا، كۆز - كۆز قىلىشقا ئامراق ئادەم.

دەيدەيگە سېلىش — كۈشكۈرتۈش، قۇترىتىش.

س

سەركە — ① پىچىلغان ئەركەك ئۆچكە، ② كۆچمە مەنىدە: باشقىلارنى يېتەكلىگۈچى، يولباشچى.

سەرۋەر — يېتەكچى، يولباشچى، باشلىق.

سېھىرلىك — ئاجايىپ - غارايىپ، سىرلىق.

سەردار — باشچى، يولباشچى، رەھبەر.

سىما — چىراي، قىياپەت، ئوبراز، تۈرۈق.

غ

غەلىتە — ئۆزگىچە، باشقىچە، ھەيران قالارلىق.

ق

قىسمەت — پېشانىگە پۈتۈلگەن كۆرگۈلۈك؛ تەقدىر.

قارغىشلىق — ئورۇنسىز، نامۇۋاپىق تەلەپ قويۇپ چىڭ تۇرۇۋېلىپ جېدەل قىلىش، يىغلاش.

ك

كۈچتۈڭگۈر — كۈچى بار، كۈچلۈك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كوپىيە — ئەسلىي نۇسخا، قولىيازما.

كۆۋەجەش — كۆپچىمەك، دەريا سۇيىنىڭ ئۇلغىيىپ ئاستا ـ ئاستا يۇقىرىغا ئۆرلىشى.

كەھرىۋا — قەدىمكى قارىغاي يىلىمىنىڭ تاشقا ئايلانغان شەكلى. سۇس سېرىق، قوڭۇر ياكى قىزىل قوڭۇر رەڭدە بولىدۇ.

كۆز ـ كۆز قىلىش — داملاش، بىرەر نەرسىنى كۆرسىتىپ ماختىنىش.

ل

لايىھە — بىرەر نەرسە ياكى ئىشنىڭ دەسلەپكى پىلانى.

م

ماياك — كېمىلەرگە يول كۆرسىتىش ئۈچۈن دېڭىز قىرغىقىغا، ئارالغا ئورنىتىلغان سىگنال يورۇقى بار مۇنار.

مۇرەسسە — كېلىشتۈرمەك، مادارا قىلماق.

مىسكىن — يوقسۇزلۇق، غەم ـ ئەندىشە تۈپەيلىدىن روھىي ھالىتى چۈشكۈنلەشكەن، غەمكىن، سولغۇن.

ن

نارەسىدە — بالاغەتكە يەتمىگەن، يېشىغا تولمىغان.

ناتىق — سۆزمەن، گەپكە ئۇستا؛ گەپدان، نوتۇق سۆزلەش ئىقتىدارى يۇقىرى.

نىمكەش — بىر مەزگىل ئىشلىتىلگەن، ياكى كىيىلگەن، پېتىدىن چۈشكەن.

ھەلەك — بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن بەند، مەشغۇل، شۇ ئىشقا ئارتۇقچە ئۈرۈنغان ؛ ئاۋارە، سەرسان .

ئو

ئوڭ زەرەت — مۇسبەت زەرەت (ئېلېكتر)، يەنى شايىغا سۈركەلگەن ئەينەك تاياقچىدا ھاسىل بولغان زەرەت .

ئى

ئىندەك — دام، تۇزاق، قىلتاق ؛ ئىندەككە كەلتۈرمەك، يەنى گەپكە كۆندۈرۈش .

ئىبرەت قىلىش — ساۋاق ئېلىش ؛ ئۈلگە قىلىش .

ئىستەك — ئارزۇ، ئۈمىد، تىلەك .

ئىزغىرىن — سوغۇق، مۇزدەك (شامال ھەققىدە)

ئېدىتلىق — سانى ئېلىنغان، ھېساب كىتاب قىلىنغان .

ي

يار ـ يۆلەك — يۆلەش، ياردەم بېرىش .

ياراقسىز — يارىماس، كېرەكسىز .

يەلكەنلىك كېمە — يەلكەن ياردىمىدە سۇرئىتىنى تېزلىتىپ ماڭىدىغان كېمە .

يەلكەن — شامال بىلەن ماڭدۇرۇش ئۈچۈن كېمىنىڭ خادىسىغا ئورنىتىلغان رەخت .